ئىككىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

# تەرمىلەر

# 读者




ISSN 1671-1327
04>
9 771671 132017

2003 4



« غەيۋەتچى » قىزلار

# قەھرىمان ۋە ئىشىك

لۇ شۇماۋ

بىر يىگىت ئۇچ ئاي يول يۈرۈپ، تاغ-دەريالاردىن ئۆتۈپ، ئۆزى كېچە-كۈندۈز كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلغان دانىشمەننى تاپتى. دانىشمەن تاغنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بىر ياغاچ ئۆيدە ئولتۇراتتى.

يىگىت ئىشىكنى چېكىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن شۇنچە ئۇزۇن يول يۈرۈپ، سىزدىن بىر ئىشنى سورىغىلى كەلدىم، قانداق قىلسام ھەقىقىي قەھرىمانغا ئايلىنالايمەن؟

— ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئەتە كېلىڭ، — دېدى دانىشمەن.

ئەتىسى سەھەردە، يىگىت دانىشمەننىڭ ئىشىكىنى يەنە چەكتى.

— ھازىر بەك ئەتىگەن كېلىۋاپسىز، ئورنۇمدىن تۇرىدىغان ۋاقتىم بولمىدى، ئەتە كېلىڭ، — دېدى دانىشمەن.

ئۈچىنچى كۈنى يىگىت يەنە دانىشمەننىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

— كېچىكىپ كېلىپ قاپسىز، مەن ئەتىگەنلىك ھەرىكەت قىلغىلى چىقماقچى، ئەتە كېلىڭ، — دېدى دانىشمەن.

يىگىت ئالتىنچى كۈنى كەلگەندە، دانىشمەن يەنە:

— مەن ئارام ئالمىسام بولمايدۇ، ئەتە كېلىڭ! — دېدى.

يىگىت ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەر قېتىم كەلسەم، ئەتە كېلىڭ، دەپ مېنى قايتۇرۇۋەتتىڭىز، مەن قاچان ھەقىقىي قەھرىمان بولالايمەن؟ — يىگىت ئاچچىقىغا پايلىماي، دانىشمەننىڭ ئىشىكىنى تېپىپ ئېچىپ ئۆيگە كىردى.

دانىشمەن ئاچچىقتىن قۇيقى چېچى تىك تۇرۇپ كەتكەن يىگىتكە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن سىزنى ئىشىكنى ئېچىپ كىرەلەمدۇ-يوق، دەپ ئالتە كۈن ساقلىدىم. ھەقىقىي قەھرىمان بولىمەن دېدىكەنسىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى ئايرىپ تۇرغان تۈرلۈك ئىشىكلەرنى بۇزۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلىشىڭىز كېرەك، دۇنيادىكى تۈرلۈك-تۈمەن نەرسىلەر بىر ئىشىك ئايرىپ تۇرىدىغان يەرگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھازىرقى بۇ ھەرىكىتىڭىز سىزنىڭ قەھرىمانلىق يولىغا بىر قەدەم باسقانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىدى.

# مۇندەرىجە


### ئەدەبىيات گۈلزارى

كاروخسنىنىڭ مۇكەممەل پىلانى ..........................
.................... كېللېن فوربۇس (ئامېرىكا) 3

### شەخسلەر

ستالىندىن قورقۇپ قالمىغان ژۇكوف .................. 7

### خىلمۇخىل پىكىرلەر

كىتاب ئوقۇش ۋە كۆز يېشى ........... پېلىك چېلىك 12

### پىسخىك ھايات

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ئۇسۇلى ...................... 16
ئالدىن كۆرەرلىك ................... لۇ شيەنشېڭ 17

### تارىخ بېتىدە

كرېمل سارىيى خوجايىنلىرىنىڭ كىرىم مەخپىيەتلىكى...
.................... نىكولاي ئىۋانوف (رۇسىيە) 19

### يۈكسەكلىك دۇنيا

تۈركمىنىنىڭ ياۋروپادىكى رولى ...................... 26
ئاشۇ قورال ــ ياراغ تەكشۈرگۈچىلەر كىملەر ............
..................... سيېن گرېگورى (ئامېرىكا) 29

### بۇ ئالەمدە

ئۆزئارا خاتا چۈشىنىشىپ قالغان جۈڭگولۇقلار بىلەن
ئامېرىكىلىقلار ...................... 31

### چەت ئەللەردە

چەت ئەللىكلەرنىڭ نىكاھ ئۆرپ ــ ئادەتلىرىگە دائىر
قىزىقارلىق ئىشلار .................... ۋاڭ لىيەنيى 37

### كىچىككىنە ئەۋلاد ئالدىدا

ئاپامغا بىلدۈرۈشكە بولمايدىغان ئۈچ ئىش ...............
............................................ ئاجيەن 40

### ھايات سەپىرىدە

مۇھەببەتتىكى ئارىلىق .................... گۈزى 42
ئەنگلىيىدىكى پىدائىيلار .................. يۈ لىزى 43



2003 ـ يىل 4 ـ سان

تەرسلەر

(ئايلىق ژۇرنال)
ئومۇمىي 119 ـ سان

باش مۇھەررىر
دىلشات رەھمىتۇللا سۇلتان
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
گۈيغۇن ئابدۇۋەلى

مەسئۇل مۇھەررىر
گۈلدانە ئابدۇرېھىم

ھەر ئاينىڭ 10 ـ كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ

ژۇرنالدا سۈپەت مەسىلىسى
كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن
ئالاقىلىشىڭ
(0991—2558674)

ژۇرنالنىڭ ماقالىلىرى گەنسۇ خەلق نەشرىياتىنىڭ «كىتابخانلار» ژۇرنىلىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

本刊是根据甘肃人民出版社出版的《读者》月刊选译出版

# كاروخسنىڭ مۇكەممەل پىلانى

كېلىلىن فوربۇس (ئامېرىكا)
ئىلدانە ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

كاروخس بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان چې-
غىمدا ، ئۇنىڭ تۇرمۇشۇمغا تەسىر كۆرسىتە-
شىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم . شۇ كۈنى
مەن بىر دۆۋە كىتابنى كۆتۈرۈپ سىنىپقا كى-
رىپ ، تۇيۇقسىز بىر نەرسىگە ئۈرۈلۈپ كەت-
تىم . تۆۋەنگە قارىسام ، بىر ئادەم ، بوي ئې-
گىزلىكى بىر مېتىر ئەللىك سانتىمېتىر كەل-
گۈدەك بىر ئادەم تۇراتتى .

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ :

— ھۇي ، نېمانداق ئېگىز قىز بۇ ، —
دېۋىدى ، پۈتۈن سىنىپتىكىلەر پاراققىدە كۈ-
لۈشۈپ كەتتى . غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلدى ،
چۈنكى مەن بىر قىز ، بوي ئېگىزلىكىم بىر
مېتىر توقسەن سانتىمېتىر كېلەتتى . مەن
گەپ - سۆز قىلماي ، جايىمغا كېلىپ ئولتۇردۇم .

مەن رىچقا قارىدىم ، ئۇمۇ كۆپچىلىك بى-
لەن تەڭ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدىغاندۇ ؟
بىراق ئۇ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىغا دىققەت
قىلمىغاندەك ، باش كۆتۈرمەي كىتاب كۆرۈۋا-
تاتتى . مەن رىچ بىلەن قانداق قىلىپ دوست
بولۇشنى بىلمەيتتىم ، بەلكىم ئۇ مەندىن ئېك-
كى سانتىمېتىر ئېگىز بولغاچقا ، شۇ خىيالدا
بولۇۋاتقاندىمەن ، ھەر يىلى تۇغۇلغان كۈنۈمدە
شام پۈلىگىنىمدە ، رىچ بىلەن يۈرۈپ قېلىشنى
ئارزۇ قىلاتتىم .

بايا مەن بىلەن سوقۇلۇپ كەتكەن پاكى-
نەكنىڭ باشقا مەكتەپتىن بىزنىڭ سىنىپقا
ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى سىنىپ مەسئۇلىمىز
ئېپادېس ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن بىلدىم .

— بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى كاروخس
خۇس بولىدۇ ، — دەپ تونۇشتۇردى ئېپادېس



ئەپەندى ، — قېنى ئاۋۇ ئورۇنغا بېرىپ
ئولتۇرۇڭ ، — ئېپادېس ئەپەندى ئەڭ ئاخىر-
قى رەتتىكى بوش ئورۇننى كۆرسەتتى .

— قارىغاندا بىر نەچچە لۇغەتنى ئاس-
تىمغا قويۇپ ئولتۇرمىسام بولمىغۇدەك ، —
دېدى كاروخس چاقچاق قىلىپ .

ساۋاقداشلار يەنە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەت-
تى ، بۇ قېتىم ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ
ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ خۇشال كۈ-
لۈۋاتاتتى . قىزىق ئىش ، كۆپچىلىك ئۇنىڭ
بىلەن ئۇچراشقىنىغا ئون مىنۇت بولا - بول-
مايلا ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغىنىنى قارىمامدى-
غان .

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە قايت-
ماقچى بولۇپ تۇرسام كاروخس يېنىمغا كېلىپ :

— كەچۈرۈڭ ، سىزنى ئوسال ھالغا
چۈشۈرۈپ قويدۇم ، — دېدى .

بېشىمنى تۆۋەن سالدىم ، ئۇنىڭ قويۇق
چاچلىرى قاپقارا ئىدى .

— كېرەك يوق ، — دېدىم ئاچچىقىم
كەلگەن بولسىمۇ .

— تونۇشۇپ قالايلى ، ئىسمىم كا-
روخس ، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە ؟ — ئۇ
دوستانىلىك بىلەن قولىنى ئۇزاتتى .

— كېلىپ ، — مەن خۇشياقمىغاندەك ئۇنىڭغا قولۇمنى بەردىم .

— سىز بەك سەزگۈردەك قىلىسىز .

— سىز چۈشەنمەيسىز ، — مەن ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ كېتىپ قالدىم .

— كېلىپ ، كىم بىلىدۇ ، مەن تېخى سىزنى ئەڭ ئوبدان چۈشىنىدىغان ئادەممۇ ؟ — ئۇ كەينىمدىن كېلىۋاتاتتى ، — ئىككىمىزنىڭ نۇرغۇن ئورتاق تەرەپلىرىمىز بار ئىكەن .

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا ، فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسىنى سايلىماقچى بولدى ، مەن يەنە كاروخسقا دىققەت قىلدىم . ربچ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولدى ، بۇ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ، چۈنكى ئۇ ئىقتىدارلىق ، ئەدەبلىك يىگىت . كاروخسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىدىن ھەيران قالدىم . «بۇ قانداق بولغىنى ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — بۇ پاكىنەك مەكتىپىمىزگە يۆتكىلىپ كەلگىنىگە بىر ئاي بولا - بولمايلا تەلىيىنىڭ كەلگىنىنى قارىمامدىغان ؟ »

بىر كۈنى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ، ئەيىبلەپ كەتتىم :

— قارىغاندا ھېچنېمە بولمىغان ئوخشىمامسەن ، ھەي مەن سەن يەر پايپىسىنى دەۋاتقىمەن .

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ :

— كىم مېنى ھېچنېمە بولمىدى دەيدۇ . ھەر كۈنى سىزدەك ئېگىزلەرگە قارايمەن دەپ گەجگەم قېتىپ قالاي دەۋاتىدۇ ، — دېدى .

— كەچۈرۈڭ ، ئىككىمىزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمىغۇدەك ، — مەن بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدىم .

— ھەي ، توختاپ تۇرۇڭ .

مەن توختىدىم .

— مېنىڭ پاكارلىقىم راست ، بۇنىڭ ماڭا تەسىرى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس . بىراق نېمە ئامالىم بار ؟ مۇشۇنداق پاكار بولۇپ قالغىنىمنى ئويلىسام ، دائىم ئۆزۈمگە ، پاكار بولغانلىقىممۇ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان تەرىپىم ، دەپ تەسەللى بېرىمەن ، — دېدى .

— قارىغاندا كالىلىڭىزدىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ ، — دېدىم مەن ، — بىراق مەن قانداق قىلىمەن ؟ ھېچقانداق بىر يىگىت ئۆزىدىن ئېگىز قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى خالىمايدۇ .

— يامان يېرى ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەيدبىدىن ئەنسىرەيدىكەنسىز ، سىز روھلۇق ، چىرايلىق قىز ، بەلكىم سىزنى چىرايلىق دەپ سۈپەتلەش ئازلىق قىلار .

بۇ گەپلەردىن مەڭزىم قىزارغاندەك بولدى .

— مەن بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ . بۇ قېتىم ئۇ مېنىڭ ۋاستىچىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى .

— بىراق ، — دېدىم مەن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ .

— گېپىمنى ئاڭلاڭ ، — ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن ھاياجانلىنىۋاتاتتى ، — بوكس ماھىرلىرىنىڭمۇ ۋاستىچىسى بار ، كىنو چولپانلىرىنىڭمۇ ۋاستىچىسى بار . سىزنىڭ ئۇلاردىن ھېچنېمىڭىز كەم ئەمەس .

— بولىدۇ ، — مەن مۇرەمنى كۆتۈرۈپ قويدۇم .

ئۇ راستتىنلا تۈرمۇشۇمنى پىلانلاشقا باشلىدى . ئۇ ماڭا :

— چېچىڭىزنى ئۆستۈرۈڭ ، ئۇستىڭىزگە چىپ كېلىدىغان مايكا ، ئاستىڭىزغا ئاددىي ھەم ئېسىل كۆرۈنىدىغان يوپكا كېيىڭ ، يول ماڭغاندا بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ ، كۆكرىكىڭىزنى كېرىپ مېڭىڭ ، ئۇچرىغان كىشى بىلەن سالاملىشىڭ ، مەكتەپنىڭ خالىسانە ئەمگەكلى-

رىگە قاتنىشىش، ئالىي مەكتەپ تىياتىر ئۆمىكىگە قاتنىشىش، — دەپ يول كۆرسەتتى.

— تىياتىر ئۆمىكىگە قاتنىشامدىم؟ — ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى توغرا تاپمىدىم، — ئويۇن قويۇشنى بىلمىسەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار مەندەك دارازىنى ئالامدۇ؟

— چاتاق يوق، ئالىدۇ، — دېدى ئۇ، — مەنمۇ تىياتىر ئۆمىكىگە قاتنىشىمەن.

تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ تۆت ئاي جەريانىدا، كاروخىس مېنى ياغاچ قونچاقتەك ئوينىتىپ كەلدى.

بىر كۈنى ئۇ ماڭا يېڭى پىلانىنى سۆزلەپ بەردى:

— مەن بىر سەھنە ئەسىرىنى تاپتىم، ئۇنىڭدىكى ئايال باش پېرسوناژنىڭ رولىنى سىز ئوينىسىڭىز تازا مۇۋاپىق ئىكەن. ئەسەردە بوي ئېگىزلىكى بىر مېتىر توقسەن سانتىمېتىر كېلىدىغان ئايال مودېل بىلەن بىر شوپۇرنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى بايان قىلىنىدىكەن.

— مېنىڭچە، شوپۇرنىڭ رولىنى سىز ئالىسىزغۇ دەيمەن، — كاروخىس قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ئەجەپ شېرىن خىياللارنى قىلىپ كېتىپسىزا، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاماشىبىنلار بۇنداق ھېكايىلەرگە قىزىقمايدۇ، رېژىسسورمۇ بۇنى ئورۇنلاشقا قوشۇلمايدۇ.

— خاتالاشتىڭىز، كېلىلىن، — دېدى كاروخىس، — مەن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، ئەسەر ۋەقەلىكى ھەقىقەتەن كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ.

— بىراق مېنىڭ سەتلىشىپ قالغۇم يوق، — غودۇرىدىم مەن.

— كېلىلىن، مەن سىزدىن ئەزەلدىن ماڭا بىر ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلمىغاندىمغۇ؟ — ئۇ جىددىيلەشكىنى تۇردى. ئۇ راستىلا ئۇنداق قىلمىغانىدى، — بۇ نۆۋەت، مەن ئۇچۇن بۇ رولنى ئېلىشقا ماقۇل بولۇڭ. مېنىڭ ئاشۇ شوپۇرنىڭ رولىنى بەكمۇ ئالغۇم بار، بىراق، سىز بولمىسىڭىز بۇ ئويۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمايدۇ.

مەن نېمە دېيەلەيمەن؟ ئۇ مېنىڭ ياخشى ۋاستىچىم بولۇش ئۈچۈن، كۈنلەپ - ئايلاپ ۋاقىت سەرپ قىلىۋاتقان تۇرسا. بىلىمەن، ئاشۇ مودېلنىڭ رولىنى ئالسام، ھاياتىمدا بىر ئەخمىقانە ئىش قىلغان بولىمەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇم.

بىر ئايلىق رېپېتىتسىيەدىن كېيىن ئويۇن رەسمىي باشلاندى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، دادام - ئاپام ھەم رىچلار ئويۇن كۆرگىلى كەلدى. مەن جىددىيلىشىشكە باشلىدىم، رولنى ياخشى ئوينىيالماي كۈلكىگە قېلىشتىن ئەنسىرىدىم.

— سەھنىگە چىققۇم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدىم مەن تىترەپ تۇرۇپ كاروخىسقا.

ئۇ ئالدىمغا كېلىپ مۈرەمگە قېقىپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇنى قورۇنۇش دەيمىز، ھەر قانداق بىر ئارتىستا بۇ خىل ئالامەت كۆرۈلىدۇ. سىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينايسىز.

ئۇ مەندىن ئۆتە جىددىيلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشقا كەلگەننى كۆرمەمدىم، — دېدىم مەن، مۇزىكا تاماملىنىپ، پەردە ئاستا - ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى.

مەن بىلەن كاروخىس، يەنى مودېل بىلەن شوپۇر بىر شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىمىز. سۆزىمىزدىن تاماشىبىنلار بىزنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىۋالاتتى. ئىككىمىز تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇرساق، كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى. كاروخىس مەن بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلاشماقچى بولدى، بىراق مەڭزىمگە بويى يەتمىگەچكە، ئېڭىشىپ بەردىم. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، مەڭزىمگە

«چوككىدە» سۆيۈپ قويدى . زالدا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىش ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتۇق . قالغان ئارتىسلارمۇ رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى . مەن كاروخسنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم : ئۇ ئايال باش پېرسوناژنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھېسسىياتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈلكىگە قېلىشى بىلەن ھېسابلاشمىدى . ئۇنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشتى ، پەردە تارتىلغاندا ، تاماشىبىنلار گۈلدىراس ئالقىش ياڭراتتى .

سەھنىدىن چۈشكەندە ، كاروخس قولۇمنى تارتىپ تۇرۇپ :

— بەك ياخشى ئوينىدىڭىز ، — دېدى .

بۇ چاغدا ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىم سەھنە ئارقىسىغا ئۆتۈپ ، كەينى - كەينىدىن بىزنى تەبرىكلىدى . ئاپام - دادىلارمۇ كەلدى ، ئۇلارنىڭ چېھرىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەنگەندى .

— قوزام ، بىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز ، — دېدى ئاپام .

ئەتراپىمغا نۇرغۇن كىشىلەر ئولىشىۋالغان ، ربچ كۆرۈنمەيتتى . ئەنە ئۇمۇ بار ئىكەن .

— رولنى بەك ياخشى ئوينىدىڭىز ، — دېدى ئۇ كۆزۈمگە قاراپ ، ئاندىن تامىقىنى قىرىپ قويدى ، — باشقا ئىشىڭىز بولمىسا ، كەچلىك تاماقنى بىللە يېسەك بوپتىكەن .

مۇشۇ پەيتنىڭ كېلىشىنى ئۆزۈمدىن كۆتۈۋاتاتتىم ، بۇ پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى ، بىراق ربچ بىلەن بىللە تاماق يېيىشتىنمۇ مۇھىم ئىشىم بار ئىدى .

— رەھمەت سىزگە ، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ، — باشقا بىر كۈنى بولسا قانداق ، بۈگۈن ئاخشام كاروخس بىلەن كۆرۈشۈشكە دېيىشىپ قويغانىدىم .

## مۇھەببەت ھەممىدىن مۇھىم

ياش بىر خانىم پراۋا ئېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، بىر كۈنى ، ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئۆيگە كېتىۋېتىپ ، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىلغا سوقۇلۇپ كەتتى . تەلىيىگە ئېغىر ھادىسە يۈز بەرمىدى . پەقەت ئاپتوموبىلنىڭ بىخەتەرلىك ئوقى ماكچىيىپ كەتتى ؛ بۇ ئاپتوموبىلنى ئېرى بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغانىدى ، خانىم نېمە قىلارىنى بىلمەي يىغلىۋەتتى ، شۇ تاپتا ئۇ ئۆيگە بارغاندا ئېرىگە قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتى . ئۇ قارشى تەرەپنىڭ پراۋا نومۇرى بىلەن ئاپتوموبىل نومۇرىنى يېزىۋالماقچى بولۇپ ، ئاپتوموبىلدىكى كونۋېرتنى ئېلىپ سوغۇرتا كارتىسىنى چىقارغاندا ، ئىچىدىن بىر پارچە خەت چىقتى .

خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى : «ئاپتوموبىلدا قانداق چاتاق چىقىشىدىن قەتئىينەزەر ، يادىڭىزدا بولسۇن ، سۆيۈملۈكۈم ، مەن ئاپتوموبىلنى ئەمەس ، سىزنى سۆيىمەن .»

نېمىدېگەن كۆيۈمچان ئەر ، نېمىدېگەن تەسىرلىك سۆز - ھە ! بىرەر ئاۋارىچىلىككە يولۇققاندا ، نەرسە مۇھىممۇ ، ئادەممۇ ؟ ئاچچىقلىنىپ تۇرغاندا ، ئويلاپ بېقىڭ ، سىز نېمىنى سۆيىسىز ؟ بىز مۇھەببەتنى ئۇل قىلغان چېغىمىزدا ، نۇرغۇن ئىشلارغا كەڭ قورساقلىق قىلىپ كېتەلەيمىز ھەم ئۇلارنى سىغدۇرالايمىز ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت بار .



# ستالىندىن قورقۇپ قالمىغان ژۇكوف

ئۇيغۇن ئابدۇۋەلى تەرجىمىسى

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىنىغا 58 يىل بولدى ، ئەينى يىلى ژۇكوف بولمىغان بولسا ، ئۇرۇش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش ناھايىتى تەس . موسكۋادىن لېنىنگرادقىچە ، كۇرسكتىن كىيېفقىچە ، ۋارشاۋادىن بېرلىنغىچە ، باتۇر مارشال ژۇكوف ھېچكىمدىن قورقۇپ قالغان ئەمەس ، جۈملىدىن ستالىنمۇ بۇنىڭ ئىچىدە .

1937 ـ يىلى ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ تازىلاش تازا ئەۋجىگە چىققان چاغلاردا ، ژۇكوفمۇ قولغا ئېلىنىغىلى تاس قالدى . بىر ئارمىيە گېزىتى ھېچبىر ئاساسسىزلا ژۇكوفنى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئىستىلىنى تەنقىد قىلىدىغان ماقالە ئېلان قىلغانىدى . ژۇكوف ئۆزىگە قىلىنغان تەنقىدنى قوبۇل قىلمىدى ، ئەكسىچە ستالىنغا تېلېگراما يوللاپ ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئارىلىشىشىنى تەلەپ قىلدى . تېلېگراما دېگەندەك رول ئويناپ قالدى ، ئۇنىڭغا قىلىنغان تەنقىد ۋە ئەيىبلەشلەرنىڭ ئاخىرى چىقمايلا جىممىدە بېسىقىپ كەتتى .

## «ژۇكوفنى ئىشلىتەيلى»

داڭلىق خالقىقول ئۇرۇشى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ بىر قاتار مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشلىرىدىن باشلاندى . ستالىن دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، نارازى بولغان ھالدا ۋوروشىلوفتىن سورىدى :

— خالقىقولدا قىسىملارغا كىم قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ ؟ بىز باشقا بىر ئادەمنى ئەۋەتىپ ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ ، ياپونىيىلىكلەرگە ئۆزىمىزنى بىر تېتىتىپ قويمىساق بولمىغۇدەك .

يىغىنغا قاتناشقان باش قوماندان گىماشىنكوف ئېغىز ئاچتى :

— مەن بىر ئادەمنى كۆرسىتەي ، ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر قوماندانى ژۇكوف .

— ژۇكوف ، ژۇكوف . مەن ئۇنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەنغۇ ؟ — ستالىن ئويلانغىنىچە ئۆز ـ ئۆزىدىن سورىدى .

— ئۇ 1937 ـ يىلى ئالىي سوۋېتقا تېلېگراما يوللاپ ، ئۆزى ئۈستىدىن قىلىنغان تەنقىدلەرنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئادەم شۇ ، — دەپ ئەسكەرتتى گىماشىنكوف .

شۇنىڭ بىلەن ، گېرىگورى كونستانتىنوۋىچ ژۇكوف موڭغۇلىيىدە ئۇرۇش قىلغۇچى سوۋېت ئارمىيىسى قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى . ئەينى چاغدا ، ژۇكوف بىلورۇسىيە ھەربىي رايونىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى ، ئۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئايروپىلان بىلەن دەرھال موسكۋاغا يولغا چىقتى ،

يول بويى ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولمىدى ، چۈنكى شۇ چاغلاردا نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك قوماندانلار تېلېگراممىا ئارقىلىق موسكۋاغا چاقىرتىلىپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىنىۋاتاتتى .

خالقىقولدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ژۇكوفنىڭ قوماندانلىقىدا بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ژۇكوف ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان كىيېف ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى . ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ، ئۇنى ستالىن يەنە موسكۋاغا چاقىرتتى .

## گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ رولىنى ئويناش

1940 ـ يىلى دېكابىردا باش قوماندانلىق شتابىدا كەڭ كۆلەملىك ئىستراتېگىيىلىك مانېۋىر ئۆتكۈزۈلدى . «كۆك ئارمىيە» بولغان كىيېف ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ژۇكوف گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ رولىنى ئالدى ، «قىزىل ئارمىيە» بولغان غەربىي سەپ قوماندانى پاۋلوف سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ رولىنى ئالدى .

ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى ، ژۇكوف يېرىم يىلدىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيىسى ھۇجۇم قوزغىغان لىنىيە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چاقماق تېزلىكىدە «ھۇجۇم قوزغىدى» ، «كۆك ئارمىيە» 8 كۈندىلا مالانوۋېچقا قىستاپ كەلدى .

1941 ـ يىلى يانۋار ، خۇلاسىلەش يىغىنىدا ، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزۈن چېگرا لىنىيىسىنىڭ شۇ قەدەر ئاجىزلىقىدىن چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ژۇكوفقا بىر قاتار سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى . باش سېكرېتار ھەتتا «كۆك ئارمىيە» كۆرسەتكەن زور ھۇجۇم قىلىش كۈچىنى ئادەم ئاملىدىن بولغان دەپ گۇمانلاندى ، ھاۋانى بىردىنلا پۇرۇخ ھىدى قاپلاپ كەتتى .

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، ژۇكوف يەنىلا باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى .

## ئۇنى ئويغىتالمايۋاتىمىز

1941 ـ يىلى كۈزدە ، ژۇكوف موسكۋانىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى تەشكىللەشكە باشلىدى . بۇ چاغدا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى موسكۋاغا 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا قىستاپ كەلگەندى . بۇنىڭدىن بۇرۇن ، سوۋېت ئارمىيىسى بىرەر قېتىممۇ ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشىپ باقمىغانىدى . موسكۋا مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئۈمىد يوق دېيەرلىك ئىدى . بىر كۈنى ، ستالىن ژۇكوفقا تېلېفون بەردى :

— سىزنىڭچە بىز موسكۋانى ساقلاپ قالالارمىزمۇ ؟ شۇ تاپتا ئېچىنىش ئىلكىدە سورىماقتىمەن ، ماڭا بىر كومپارتىيە ئەزاسىلىق سالاھىيىتىڭىز بىلەن جاۋاب بېرىڭ !

— ساقلاپ قالالايمىز ، — دېدى ژۇكوف خاتىرجەم ھالدا .

موسكۋا ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشى ئەڭ شىددەتلىك بولۇۋاتقان پەيتلەردە (1941 ـ يىلى 16 ـ نويابىردىن 8 ـ دېكابىرغىچە ) ، ژۇكوفنىڭ ھەر كۈنلۈك ئۇيقۇسى 2 سائەتتىن ئاشمايتتى ، ئۇ ھەر كۈنى قىسقا ، ئەمما سىجىللىقى زور ھەرىكەتلەرنى ئىشلەيتتى ، قېنىق دەملەنگەن قەھۋە ئىچەتتى ، بىرئاز قار تېپىلاتتى . ئۇيقۇسى يېشىلگەندىن كېيىن ئۇخلايتتى . بەك قاتتىق ئۇخلاپ كېتىدىغان بولغاچقا ، ئويغىتىش بەك تەس ئىدى . بىر قېتىم ، ستالىن ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم تېلېفون بېرىپ ، ھەر ئىككىسىدە «يولداش ژۇكوف ئۇخلاۋاتىدۇ ، ئۇنى ئويغىتالمايۋاتىمىز » دېگەن جاۋابقا ئېرىشكەن .

## باش قوماندانىنىڭ رەسمى

1941 ـ يىلى 20 ـ ئۆكتەبىر ، ستالىن «قىزىل يۇلتۇز گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى ئولېكىنبېرىكوغا تېلېفون بېرىپ :

— ئەتىدىكى گېزىتكە ژۇكوفنىڭ رەسىمىنى ئېلان قىلىڭلار ، — دېدى . باش مۇھەررىر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى ، ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان ، ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلارنىڭ رەسىمى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىپ باقمىغانىدى . سەۋەبى ، بىرىنچىدىن ، مۇۋاپىق بىر سەۋەب يوق ئىدى ؛ ئىككىنچىدىن ، بۇ ھەربىي مەخپىيەتلىك ئىدى ، ئولېكىنبېرىكو كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا سورىدى :

— قايسى بەتكە باسىمىز ، يولداش ستالىن ؟

— ئىككىنچى بەتكە ، «ھەقىقەت گېزىتى»گىمۇ ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويۇڭ ، ئۇلارمۇ باسسۇن .

ئولېكىنبېرىكو ژۇكوفنى رەسىمگە تارتىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى (شۇ چاغدا ژۇكوف موسكۋاغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىدا ئىدى ) . لېكىن ژۇكوف رەسىمگە چۈشۈشنى قەتئىي رەت قىلدى :

— نېمە رەسىمگە تارتىشكەن ئۇ ! ھازىر رەسىمگە چۈشىدىغان چاغمۇ ؟ !

ئولېكىنبېرىكو ژۇكوفقا ئىلاجىسىز ئۆزى تېلېفون بېرىپ ، ئۇنىڭغا ، بۇ ئالىي قوماندانىنىڭ مەقسىتى ، دەپ چۈشەندۈرگەندىلا ، ژۇكوف رەسىمگە چۈشۈشكە ماقۇل بولدى .

شۇنىڭ بىلەن ، ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى ھەربىي تارىخىي مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان ئاشۇ كلاسسىك رەسىم (ژۇكوف ھەربىي خەرىتە يېيىلغان ئۈستەل يېنىدا ، قولىدىكى قەلەم بىلەن خەرىتىدىكى بىر توچكىنى كۆرسەتكىنىچە ئويلىنىپ تۇراتتى ) دۇنياغا كەلدى .

## كەچتە تېلېفون بەرمەسلىك

1942 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇست ، ژۇكوف ئالىي باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى . ئەينى چاغدا ، ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئورنى ستالىندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى . ژۇكوف كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ :

— بىر كۈنى مەن ستالىنغا ئۇنىڭ بارلىق ياردەمچىلىرىنىڭ ، جۈملىدىن مېنىڭ ، قاتتىق ئالدىراشلىقتىن ھالىمىز قالمىغانلىقىنى ، يەنە مۇشۇنداق ئىشلىگىلى تۇرساق يىقىلىپ قالىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم . ئۇ ، نېمىشقا ئەمدى ، دەپ سورىدى . مەن ئۇنىڭغا ، سىز كەچتە ئىشلىگەندە ، بىزمۇ ئىشلەيمىز . لېكىن بىز سىزنىڭ ئۇخلىغىلى كەتكەنلىكىڭىزدىن خەۋەرسىز يەنىلا داۋاملىق ئىشلەۋاتقان بولىمىز ، ئەتىگەن بولغاندا ، سىز تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا ، بىزنىڭ ئەڭ ئالدىراش چېغىمىز بولىدۇ ، دېدىم . ئۇ گېپىمنى جىممىدە ئاڭلاپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ماقۇل ، سىزگە كاپالەت بېرەي ، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە كېچىسى تېلېفون قىلماي ، دېدى . نەتىجىدە ، تاكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە ، ستالىن بىزگە كەچ سائەت 12 دىن كېيىن تېلېفون بەرمەيدىغان بولدى .

## ئەگەر بىرى قەستلەپ قالسا

بىر قېتىم ستالىن ژۇكوفقا :

— مەن دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەم ، مەن ھەتتا ئۆزۈمنىڭ سايىسىدىنمۇ قورقىمەن ، — دېگەنىدى .

بىر كۈنى ، ژۇكوف بىلەن ستالىن ماشىنىدا بىللە ئولتۇرۇپ قالدى . كېيىن ئۇ ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ : «ماشىنا ئەينىكىنىڭ قېلىنلىقى مۇشۇنچىلىك ئىدى (ئۇ بارماقلىرىدا 10 سانتىمېتىرنى تەخمىن قىلىپ كۆرسەتتى ) ، ئالدىدىكى ئو-

رۇندا ستالىننىڭ مۇھاپىزەتچىسى فولاشىك
ئولتۇردى ، ستالىن ئوتتۇرىدىكى ئورۇندا ،
مەن ئارقىدىكى ئورۇندا ئولتۇردۇم . كېيىن
مەن فولاشىكتىن ، ئورۇننى نېمىشقا مۇشۇن-
داق ئورۇنلاشتۇردۇڭلار ، دەپ سورىسام ،
ئۇ : «ستالىن دائىم مۇشۇنداق ئولتۇرىدۇ ،
ئەگەر بىرى ئالدى تەرەپتىن ئوق چىقارسا ،
ماڭا تېگىدۇ . ئەگەر كەينى تەرەپتىن ئوق چى-
قارسا ، ئۇنداقتا سىزگە . . .» دېدى .

## يامغۇردا پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈش

— غەلىبە مانېۋىرىنى باشلاشقا تەييار-
لىق قىلىنىۋاتقاندا ، — دېدى مارشال ئەسلەپ ، —
مەن ئالىي قوماندانىنى ئۆزى باش بولۇپ پاراد-
نى كۆزدىن كەچۈرىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم ،
دەسلەپ ئۇنىڭ شۇنداق ئويى باردەكمۇ قىلاتتى .
پاراتتىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن ستالىن
ژۇكوفنى چاقىرتىپ ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ-
نىڭدىن ئات مىنىشنى ئۆگەنگەن - ئۆگەنمى-
گەنلىكىنى سورىدى .
— ياخشى مىنەلمەيمەن ، — دېدى
مارشال .
— سىز پاراتتا قىسىملارنى كۆزدىن كە-
چۈرىسىز ، لوكاسوفسكىي پاراتقا قوماندانلىق
قىلىدۇ ، — دېدى ئۇ .
— ماڭا مۇشۇنداق شان - شەرەپ بەرگى-
نىڭىزگە رەھمەت ، — دېدى ژۇكوف ، —
مېنىڭچە پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە سىزدىن
ئارتۇق ماس كېلىدىغان ئادەم يوق ، سىز دې-
گەن ئالىي قوماندان ، مەيلى توغرىلىق جەھەت-
تىن بولسۇن ، مەيلى مەجبۇرىيەت جەھەتتىن
بولسۇن ، پاراتنى سىز كۆزدىن كەچۈرىشىڭىز
كېرەك .
ستالىن سۇكۇتتە تۇرۇپ كەتتى ، بىر ها-
زادىن كېيىن ئۇ :
— مەن قېرىپ قالدىم ، پاراتنى سىز
كۆزدىن كەچۈرۈڭ ، سىز ياش ، — دېدى .
ژۇكوف ماقۇل بولدى .

شۇ كۈنى ، ئۇ ئاتلىق پاراتنى كۆزدىن
كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، رەئىس سەھنى-
سىگە چىقىپ ستالىننىڭ يېنىغا كېلىپ تۇر-
دى . ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ : «ئۇ كۈنى
قاتتىق يامغۇر ياغقانىدى ، مەن ياقامنى كۆتۈ-
رۈپ ، قاسقان شەپكەمنىڭ ئۈستىدىكى يامغۇر
سۈيىنى سىلكىۋەتمەكچى بولدۇم ، لېكىن يې-
نىمدا تۇرغان ستالىنغا كۆزۈمنىڭ قىرىدا قا-
راپ سېلىپ بۇ نىيىتىمدىن تېزلا ياندىم . ستا-
لىن قاتتىق يامغۇردا مىدىر - سىدىر قىلماي
تۇراتتى ، يامغۇر تامچىلىرى قاسقان شەپكىسى-
نىڭ گىرۋىكىدىن ئېقىپ ياقىسى ئىچىگە كى-
رىپ كېتىۋاتاتتى .»

## ژۇكوفنى قولغا ئېلىشقىلارغا قوشۇلمايمەن

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، بېرىيە
ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر «رەسمىيەتچى-
لىك» قىلىشقا — قوشۇننى تازىلاشقا باشلى-
دى . نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ،
جۈملىدىن داڭلىق گېنېراللار قولغا ئېلىنىشقا
باشلىدى ، ئۇلار ژۇكوفقا زىيانكەشلىك قىلى-
دىغان ماتېرىياللارنىمۇ توپلاشقا باشلىدى .
ستالىنمۇ ناھايىتى تېزلا ژۇكوفقا سوغۇق مۇ-
ئامىلە قىلىدىغان بولدى ، ئۇنىڭ دۆلەت مۇدا-
پىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىر-
لىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ ، ئىككىنچى
دەرىجىلىك بىر ھەربىي رايونغا قوماندان قى-
لىپ تەيىنلىدى . «ماتېرىياللار» توپلىنىپ
بولغاندىن كېيىن ، بېرىيە ستالىن بىلەن كۆ-
رۈشۈپ ، ژۇكوفنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى .
— ژۇكوفنى قولغا ئېلىشقىلارغا قو -
شۇلمايمەن ، — دېدى ستالىن قەتئىي قى -
لىپ ، — بۇ نەرسىلەرنىڭلارنىڭ ھېچقايسى-
سىغا ئىشەنمەيمەن ، مەن ئۇنى چۈشىنىمەن ،
تۆت يىللىق ئۇرۇش داۋامىدا ئۇنى ئۆزۈمدىنمۇ
ئوبدان چۈشىنىپ كەتكەنمەن .
شۇنداق قىلىپ ، ستالىن ژۇكوفنى ئىك-

كىنچى قېتىم ھالاكەت گىردابىدىن تارتىۋالدى .

## ئۇ ئادەمنى ۋەھىمىگە سالاتتى

ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن ، ژۇكوف دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى . ئۇ بەزىلەرنىڭ ، ستالىن گىلوبۇسنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان ، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىدا ، قاتتىق خاپا بولۇپ :

— قۇرۇق گەپ ! ستالىن ئۇرۇشنى بەك ئوبدان چۈشىنەتتى . ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ، ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ، ھەتتا نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغان ، لېكىن ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى بىر ئالىي قوماندانغا قويۇلىدىغان تەلەپلەرگە ماس كېلىشكە باشلىغان ، — دېدى .

بەزىلەر ئۇنىڭدىن :

— ستالىندا قانداق بىر سېھرىي كۈچ بار ؟ — دەپ سورىغاندا ، ئۇ ئويلىنىپ تۇرمايلا :

— يوق . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسىز ؟ ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن زەھەرخەندىلىك چىقىپ تۇرىدۇ ، كەيپى ساز چاغلاردا ، مەسىلەن ، ھەربىي ئىشلار ۋە خەلقئارا ئىشلاردا ئامىتى ئوڭ كەلگەندە ، ئازراق ھاراق ئىچىپ قويىدۇ ، تېخى ئاندا ـ مۇندا چاقچاقمۇ قىلىپ قويىدۇ . لېكىن ئادەتتىكى چاغلاردا ، ئادەمنى شۇقەدەر ۋەھىمىگە سالىدۇ ! — دېدى .

## رىغبەت

نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەر ئۇرۇق ـ تۇغقان ، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدىلا ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن .

ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئەدىب خورتون خوتۇنى سوفىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمىگەن بولسا ، ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالمىغان بولاتتى . خورتون تونۇلۇشتىن بۇرۇن تاموژنا ئىدارىسىدا ئادەتتىكى بىر خىزمەتچى ئىدى . بىر كۈنى ، ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ خوتۇنىغا ئۆزىنىڭ ئىشسىز قالغانلىقىنى ئېيتتى . خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خاپا بولۇشتا يوق ، بەلكى ھاياجاندىن تولۇپ كەتتى :

— پاھ ! ئەمدى كۆڭۈل قويۇپ يېزىقچىلىق قىلالايدىغان بوپسىز !

— شۇنداقمۇ ؟ — دېدى خورتون ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — ھەدېسىلا كىتاب يېزىپ ئولتۇرۇپ ، باشقا ئىش قىلمىسام ، نېمىگە تايىنىپ جېنىمىزنى باقىمىز ؟

بۇ چاغدا ، سوفىيە تارتمىنى ئېچىپ ، بىر كاللەك پۇلنى چىقاردى .

— نەدىن كەلگەن پۇل بۇ ؟ — سورىدى خورتون ھەيران بولۇپ .

— مەن سىزنىڭ يېزىقچىلىق تالانتىڭىز بارلىقىغا ئىشىنەتتىم ، — دېدى سوفىيە چۈشەندۈرۈپ ، — ئىشىنىمەنكى ، سىز بىر كۈنلەردە چوقۇم داڭلىق ئەسەردىن بىرنى يېزىپ چىقالايسىز . شۇڭلاشقىمۇ مەن ھەر ھەپتىلىك ئائىلە خىراجىتىمىزنى ئاز ـ ئازدىن تېجەپ كەلدىم . ھازىر بۇ پۇللار بىزنىڭ بىر يىللىق تۇرمۇشىمىزغا يېتىدۇ .

خوتۇنىنىڭ مەنىۋى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قوللىشى بىلەن ، خورتون ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر ئەسەر — «قىزىل خەت»نى يېزىپ تاماملىدى .



# كىتاب ئوقۇش ۋە كۆز يېشى

پېرل چېك

ماھىرە ئەبەيدۇللا تەرجىمىسى

بىز قايسى چاغدىن باشلاپ ئەسەر ئوقۇپ
ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇق؟
كۆز ياشلىرىمىغا ھەمراھ بولغان ئاشۇ
كىتاب ئوقۇشلار ھېلىمۇ ئېسىمدە. دۇفۇنىڭ
«ئۈچ ئەمەلدار»، «ئۈچ قېتىم خوشلىشىش»
ناملىق ئەسىرىنى، دۇئېنىڭ يەر - جاھاننى
زىلزىلىگە سالىدىغان ئۇۋالچىلىقىنى، بىچارە
يېتىم ئوغۇل ۋانكانىڭ «يېزىدىكى بوۋامغا تې-
گىدۇ» دەپ يېزىلغان خەتنى پوچتا ساندۇقىغا
سېلىۋېتىپ، بوۋىسىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى ئە-
كېتىشنى كۈتكەن قۇرلىرىنى ئوقۇغىنىمدا،
كۆز يېشىم خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك
تاراملاپ تۆكۈلگەنىدى. يېقىندا، قىزىمغا
«سەرەڭگە ساتقۇچى قىز» ناملىق چۆچەكنى
ئوقۇپ بەردىم. ئەڭ ئاخىرىدا، قىزچاق توڭ-
لاپ ئۆلۈپ قېلىش ئالدىدا، سەرەڭگە ئوتىنىڭ
يورۇقىدا، ئۆلۈپ كەتكەن مومىسىنى كۆرىدى-
غان يەرگە كەلگەندە، قىزىم ھەيران بولۇپ:
— دادا، نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەپ
سورىدى.

ماڭا نىسبەتەن كەم دىدار بولۇپ قالغان
بۇ كۆز يېشىدىن خۇشاللاندىم. ئۇ ماڭا ئۆزۈمە-
نى دەللەپ بەرگەن، ماڭا قەلبىمنىڭ ئىچ-
كى قاتلىمىدىكى بەزى نەرسىلەرنىڭ تېخى ھا-
يات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. كۆز يېشى
ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن تەبى-
ئىي باغلىنىشلىق بولىدۇ، شۇڭا ئىنسانلار-
نىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى ئۈچۈن كۆز يېشى
قىلىش ھەقلىقتۇر.

ئەلۋەتتە، كۆزىمىزگە ئىسسىق ياش كەل-
تۈرىدىغىنى يالغۇز ئازاب - ئوقۇبەتلا ئەمەس،
ئاجىزلارنىڭ ئىداسىغا بولغان ھېسداشلىقمۇ
تەسىرلىك ياشلىرىمىزنى تۆككۈزىدۇ. جۇ زى-
چىڭنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى دادىنىڭ پاختى-
لىق چاپان كىيىپ كېتىپ بارغان سىماسى؛
«قىزىل قىيا»دىكى قەھرىمانلار كوللېكتى-
پى؛ ئاندېرسون چۆچەكلىرىدىكى ساھىبجامال
بېلىق، ۋەھاكازالار... ئۇلار مېھرى - مۇ-
ھەببەت ۋە تەقدىم قىلىشنىڭ قىممىتىنى ناما-
يان قىلغان، ھەققانىي تۇرمۇش ئەمەل قىلىشقا
تېگىشلىك پرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ، بىزنى
تەلپۈندۈرگەن. كۆزلىرىمىزدە ياش ئۇنچىلى-
رى مۆلدۈرلىگەندە، بىز روھىمىزنىڭ ئۆزى-
مىزنى ئىلھاملاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭ-
لىيالايمىز.

كۆز يېشى ئادەم تەبىئىتىنىڭ ئەڭ يوشۇ-
رۇن، ئەڭ يۇمشاق قىسمىدا پەيدا بولىدۇ، ئۇ
كىشىلىك ھايات ئوقۇبەتلىرىگە بولغان ئەڭ
كۈچلۈك سېزىم ۋە ھېسداشلىق؛ دۇنيانىڭ
كەمتۈكلۈكى ۋە ئادالەتسىزلىكىگە بولغان ئۇنى-
تۇلماس تۇيغۇ؛ شۇنداقلا ئاق كۆڭۈللۈك ۋە
گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈش ھەم مېھرى -
مۇھەببەتنىڭ ئۈنسىز سۆزى. يۈرەك قېنىنى
سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان بىر ئەسەردە ئۇ-

نىڭ ئىزناسى بولماسلىقىنى، ھەقىقىي بىر سەنئەتكارنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈلشىمەسلىكىنى پەرەز قىلىش تولىمۇ تەس. ئۇ روھىيەتنىڭ تەبىئىي ئاجرالمىسى. «بېيپىڭنى ئەسلەش» ناملىق نەسرنىڭ ئايىغىدا لاۋشې: «بولدى بەس، ئەمدى سۆزلىمەيلى؛ كۆزۈمگە ياش كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا، بېيپىڭنى بەك سېغىنغان ئوخشايمەن!» دەپ يازىدۇ. بۇ ئاددىي سۆزلەر، ئەمەلىيەتتە خەتنىڭ ئۆزىدىكى مەنىسىدىن ھالقىغان.

كۆز يېشى ئاقماقتا... ياش تۆكۈش ئەمەلىيەتتە بىرخىل ئىقتىدار، ئۇ كىشىلەر روھىنىڭ تەسىرلەنگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى، شۇڭا كۆز يېشى قىلىشتىن ئۆكۈنمەسلىكىمىز، ئەكسىچە خۇرسەنلىك ھېس قىلىشىمىز كېرەك. كلاسسىك تراگېدىيىلىك دراممىلار دەل تاماشىبىنلارنى كۆز يېشى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، روھنى پاكلاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ. كۆز يېشى يەنە بىرخىل ئۆلچەم، ئۇ روھنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەپ بېرىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز يېشى ئەسەر ۋە ئاپتورغا نىسبەتەن ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولسا ئۆز - ئۆزىنى دەلىللەشتۇر. ياش تۆكتۈرىدىغان ئەسەر بىلەن ياش تۆكىدىغان ئوقۇرمەن ئارىسىدا نامايان بولىدىغىنى ساغلام روھىي ئېكولوگىيىدۇر. مويسىپىت تولستوي چايكوۋسكىينىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلىغىنىدا كۆزىگە لىق ياش ئالغانىدى. مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلىساق، كۆڭۈل - كۆكسىمىز يورۇپ كېتىدۇ.

قەلبىمىزنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئېنېرگىيىنى ئۇرغۇتايلى، تەربىيىلەيلى ۋە ساقلاپ قويايلى. ئەسەرلەرنى كۆز يېشىمىزغا تولدۇرساق، روھىمىز قاناتلىنىپ، تېخىمۇ ئېگىزگە پەرۋاز قىلىدۇ.

## ئورنىدىن تۇرۇش

بىر دادىنىڭ ئۆز بالىسى ئۈچۈن بېشى قاتتى، چۈنكى ئوغلى 15 - 16 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئازراقمۇ ئوغۇل بالىلىق جاسارىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئوغلىنى بىر راھىبنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپ، راھىبتىن بالىسىنى تەربىيىلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن دادىسى ئوغلىنى ئالغىلى كەلدى. راھىب بالىنى يەنە بىر راھىب بىلەن قۇرۇق قول ئېلىشىشقا سېلىپ، ئۈچ ئايلىق تەربىيىلىنىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسەتمەكچى بولدى.

بالا راھىب بىلەن ئېلىشا - ئېلىشمايلا يەرگە يىقىلدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېلىشىشقا تەمشەلدى، بىراق ئېلىشا - ئېلىشمايلا يەنە يىقىلدى. ئۇ يەنە دەرھال ئورنىدىن تۇردى... شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇدا 16 قېتىم يىقىلدى.

راھىب بالىنىڭ دادىسىدىن سورىدى:

— سىزنىڭچە، ئوغلىڭىزدا ئوغۇل بالىلىق جاسارەت يېتىلىپتۇمۇ؟

— نومۇستىن ئۆلەي دېدىم، — دېدى دادىسى، — ئۇنى ئۈچ ئاي تەربىيىگە بېرىپ، بۇنداق بولارىنى ئويلىماپتىمەن، باشقىلارنىڭ مۇشى تېگە - تەگمەي يىقىلىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان!

— مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ ئۇتتۇرۇشىنىلا كۆرگەنلىكىڭىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، — دېدى راھىب، — ئوغلىڭىزنىڭ يىقىلىپ كېتىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرغاندىكى جاسارىتى ۋە ئىرادىسىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

ئورنىدىن تۇرۇش قېتىم سانى يىقىلىپ چۈشۈش قېتىم سانىدىن بىرى ئارتۇق بولسىلا، غەلىبە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

# تەننەرخنى ھېسابلىمىغانلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغانلىق

خۇ ۋېنتىڭ



كىشلەر بىر ئىشنى ھامان مەلۇم مەق-
سەتتە قىلىدۇ ، ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن
ھامان بەلگىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلە-
دۇ . مانا بۇ بەدەل مەقسەتكە يېتىشنىڭ تەن-
نەرخى ھېسابلىنىدۇ . ئۆزىمىز تۆلىگەن بە-
دەلنىڭ قىممىتى بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بې-
قىش ئۈچۈن ، دائىم ئۇنىڭ تەننەرخىنى ھې-
سابلىشىمىز كېرەك . بۇ كىشىلىك ھاياتتىكى
پوزىتسىيە مەسىلىسى . ئۆزىگە مەسئۇل بول-
غان ئادەم دائىم كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تەن-
نەرخىنى ھېسابلاپ تۇرىدۇ ، كىشىلىك تۇر-
مۇشتا چوڭ تاللاشقا دۇچ كەلگەندە تېخىمۇ
شۇنداق . ئەگەر ئەستايىدىل ھېسابلاش ئارقى-
لىق ، تۆلىگەن بەدىلىمىزنىڭ تەننەرخى تېخى-
مۇ چوڭ پايدىغا ئېرىشكۈدەك بولسا ، كۆزلە-
گەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز ،
قىلچە پۇشايمان قىلماي بەدەل تۆلىشىمىز كې-
رەك ھەمدە ئۇنىڭدىن كەلگەن نەپتىن
رازىمەنلىك بىلەن بەھرىلىنىشىمىز
كېرەك .

ئۇنداقتا تەننەرخ قانداق ھېسابلىنىدۇ ؟
بەلكىم ھەركىمنىڭ ئۆز فورمىلىسى بولۇشى
مۇمكىن . مۇشۇ فورمىلا ئىچىدە ئەڭ ئېغىر
سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئامىلغا قارىتا ھەممە
ئادەمنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ . بۇ ھەربىر ئادەم
ئىش قىلغاندا ئۆز پرىنسىپى بولىدىغانلىقىنىڭ
سەۋەبى ، باشقا ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ
تەننەرخ ھېسابلىشىنىڭ توغرا - خاتالىقىغا
باھا بېرەلمەيدۇ .

مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم بار ، ئۇ ئىلىم
ساھەسىدە خېلى تۆھپە ياراتقان ، ئىلمىي قىم-
مىتى بار نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازغان ھەمدە
خەلقئارالىق يىغىنلاردا ئىلمىي ماقالىلەرنى
ئوقۇغانىدى . بىراق ئۇ يېقىندا ئوقۇشتىن چې-
كىندى . بىز ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوقۇشتىن
چېكىنگەنلىكىنى سورىساق ، ئۇ يۇرگەن يىگى-
تىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدىغانلىقى ،
يىگىتى بىلەن بىرگە بولۇش ئۈچۈن ئۆز كەس-
پىدىن ۋاز كېچىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيت-
تى . دېمەك ئۇ مۇھەببەتكە ئېرىشمەكچى . ئۇ
ئۆزىگە مەسئۇل بولغان ، چۈنكى ئۇ مۇھەببەت-
نى كىشىلىك تۇرمۇشتا بىرىنچى ئورۇنغا قوي-
غان . ئۇ ھەرگىز ئەقلىدىن ئاداشقىنى يوق ،
بارغان دۆلىتىدە داۋاملىق ئۆگەنسە بولىدۇ .
مېنىڭ يەنە بىر دوكتور ساۋاقدىشىم ئۆز كەس-
پىنى تاشلاپ ، ئېرى ۋە باللىرىدىن ۋاقىتلىق
ئايرىلىپ ، چەت ئەلگە چىقىپ دوكتۇرلۇقتا
ئوقۇدى . مەن دائىم ئۇنىڭ باش چۆكۈرۈپ
تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرد-
مەن ، ئۇ دائىم ماڭا ، ئۆزىنىڭ دوكتۇرلۇقتا
ئوقۇغان تەننەرخىنىڭ بەك قىممەتلىكىنى ،
بىراق داۋاملىق بىلىمدە تاكامۇللىشىشنىڭ
ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئېي-
تاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىلىنىڭ مۇشۇ تەننەر-
خىنىڭ ئۇنىڭ داۋاملىق تىرىشىشىدىكى ھەرد-
كەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى .
مېنىڭچە ئۇ دوكتۇرلۇق قالپىقىنى كىيگەندە ،

ئۆز بەختىدىن خۇشاللانماي قالمايدۇ.

ئالىي مەكتەپتىكى پروفېسسورلارنىڭ تەننەرخ ھېسابلاش فورمىلىسى ئوخشاش بولمايدۇ. جەنۇبتىكى بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى ئىلگىرى ئىلىم ساھەسىدە چوڭ ئاتاققا ئېرىشكەنىدى. كېيىن ئۇ ئۆز تەتقىقاتىدىن ۋاز كېچىپ، سىياسىي سەھنىگە قەدەم قويۇپ، دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ تەننەرخى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تەتقىقاتى ئارقىلىق ھېسابلىنىدىكەن. بىراق ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ ئىلمىيلەشتۈرسە بولاتتى. يەنە بىر پروفېسسور ئۆزىنىڭ ئاساسلىق زېھنىنى شىركەت ئېچىشقا قاراتتى. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ناھايىتى تېز لا مەھسۇلاتقا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ تەننەرخى ھاياتىدىكى قىسمەن زېھنىنى سەرپ قىلىپ ۋە قىسمەن نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش ئىدى، بىراق ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشتى، شۇنىڭدەك ئۆز تەتقىقاتى ئارقىلىق ئېرىشكەن قانائەتلىنىش تۇيغۇسىنى كۆردى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز فورمىلىسى ئارقىلىق ئۆز تەننەرخىنى ھېسابلىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزدىكى سەرخىل شەخسلەر. مېنىڭچە ئۇلار كىشىلىك ھاياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بۇ خىل قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى تەرننەرخ ۋە كىرىمىنى تەپسىلىي، تەكرار، ئەستايىدىل ھېسابلاپ چىققان. ئۇلار ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسىدا ياشايدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىنكى كىرىمىنى چوقۇم ھازىرقى تەننەرخىدىن يۇقىرى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرماي، ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق باھا بېرىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىنچىكە ھېساباتى بار.

## ئالتۇن مېدال

ستانلېي بوبىن

مەن بۇ يەردە نېمە قىلىمەن؟

مەن ئارقامغا بۇرۇلدۇم، ئۆيگە قايتقۇم كېلىۋاتاتتى. ياق، سەن ئۆيگە قايتسالىڭ بولمايدۇ. سەن بۇ يەردە ئوبدان تەييارلىق قىلىشىڭ كېرەك. ئوبدان مەشىق قىلمىسالىڭ بولمايدۇ. بۇ گىمناستىكا مەشىق ئۆيىدە نۇرغۇن كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزدۈك. مېنىڭ تەييارلىقىم ئاللىقاچان پۈتكەن بولۇشى كېرەك. مېنىڭ تەييارلىقىم ئاللىقاچان پۈتكەن. بۇ نۆۋەت ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك. سەن چوقۇم ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك!

مەن بۇ يەردە نېمە قىلىمەن؟

مەن ھېرىپ ئۆلەي دېدىم. مەن چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم كېرەك. مەن چوقۇم يېڭىشىم كېرەك. مەغلۇپ بولسام بولمايدۇ. نۇرغۇن كۆزلەر ماڭا تىكىلگەن. ئاپام ـ دادام، دوستلىرىم، پۈتۈن ئائىلەمدىكىلەر، پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەر، پۈتۈن دۇنيادىكىلەر.

مەن بۇ يەردە نېمە قىلىمەن؟

مەن ئامېرىكا پۇقراسى. مەن ئۇلارنىڭ ئۈمىدى. ئۇلارنىڭ پەخرى. ئۇلارنىڭ چۈشى. تىرېنېر ماڭا شۇنداق دېگەن. مەن ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويسام بولمايدۇ. ئامېرىكا مەڭگۈ ھەممىدىن نوچى بولۇشى كېرەك. مەن پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىمىزنىڭ ھەممىدىن نوچى ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىشىم كېرەك. ئەمدى گەپ مەندە قالدى. مەن دۆلىتىمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

مەن بۇ يەردە نېمە قىلىمەن؟

مەن ئەمدىلا 11 ياشقا كىردىم.

# كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ئۇسۇلى

فلوم ئامېرىكىدىكى داڭلىق پسىخولوگ. بىر كۈنى بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ئۇنىڭدىن: «كۆڭۈل ھالىتى بىر ئادەمگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟» دەپ سورىدى.

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، گەپ قىلماستىن، ئۇلارنى بىر قاپقاراڭغۇ ئۆيگە باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار بەش قولنى ئىلغا ئالغىلى بولمايدىغان بۇ سىرلىق ئۆينى ناھايىتى تېزلا كېسىپ ئۆتتى. بۇ چاغدا، فلوم ئۆينىڭ بىر چىرىغىنى ياندۇردى، گۇڭگا چىراغ يورۇقىدا ئوقۇغۇچىلار ئۆي ئىچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۆرۈپ، چۆچۈگىنىدىن شۇررىدە تەرلەپ كەتتى. ئەسلىدە ئۆينىڭ تېگى چوڭقۇر ھەم كەڭ سۇ كۆلچىكى بولۇپ، كۆلچەكتە ھەرخىل زەھەرلىك يىلانلار مىغىلداپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېخى بىر چوڭ بوغما يىلان بىلەن ئۈچ كۆزەينەكلىك يىلان بار ئىدى. بىرقانچە زەھەرلىك يىلان باشلىرىنى تىك تۇتۇپ، ئۇلارغا «شىر – شىر» قىلىپ زەھەرلىك تىلىنى ئويىنىتىپ خىرىس قىلىۋاتاتتى. يىلان كۆلچىكىنىڭ تۆپىدە ناھايىتى تار بىر ياغاچ كۆۋرۈك قۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار بايا شۇ كۆۋرۈكتىن مېڭىپ ئۆتكەنىدى.

— ھازىر سىلەر بۇ كۆۋرۈكتىن قايتا ئۆتۈشنى خالامسىلەر؟ — سورىدى فلوم ئوقۇغۇچىلاردىن. كۆپچىلىك بىر – بىرىگە قارىشىپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

بىرئازدىن كېيىن، ئاخىر ئۈچ ئوقۇغۇچى ئىككىلەنگەن ھالدا ئالدىغا چىقتى. بىرىنچى ئوقۇغۇچى كۆۋرۈككە چىقىپ قەدەملىرىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن يۆتكىدى، سۈرئىتى بىرىنچى قېتىمغا قارىغاندا بەكلا ئاستا ئىدى؛ ئىككىنچى ئوقۇغۇچى پۇتلىرى غال – غال تىترىگىنىچە كۆۋرۈككە چىقتى، ئۇنىڭ بەدىنى ئۆزىگە بويسۇنمىغان ھالدا قىيسىيىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ كۆۋرۈكنىڭ يېرىمىغا بارمايلا، ماڭالماي قالدى؛ ئۈچىنچى ئوقۇغۇچى كۆۋرۈككە چىقىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى – دە، ئاستا – ئاستا ئۆمىلەپ ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا، فلوم يەنە ئۆينىڭ بىرقانچە چىرىغىنى ياندۇردى، كۈچلۈك چىراغ يورۇقىدا ئۆي ئىچى بەئەينى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ سەپسېلىپ قاراپ، كۆۋرۈكنىڭ تېگىگە بىخەتەرلىك تورى ئورنىتىلغانلىقىنى كۆردى، تورنىڭ رەڭگى خۇنۇك رەڭدە بولغاچقا، ئۇلار بايا ئۇنى كۆرەلمىگەنىدى.

— ئاراڭلاردا كىم بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنى خالايدۇ؟ — دەپ سورىدى فلوم ئۈنلۈك ئاۋازدا، ئوقۇغۇچىلار ئۈندىمىدى، — نېمىشقا ئۆتۈشنى خالىمايسىلەر؟ — سورىدى فلوم يەنە.

— بۇ بىخەتەرلىك تورىنىڭ سۈپىتى ئىشەنچلىكمۇ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ئوقۇغۇچىلار. فلوم كۈلۈپ كەتتى.

— مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا قويغان سوئالىڭلارغا ئەمدى جاۋاب بېرەي، — دېدى ئۇ، — بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ئەسلى تەس ئەمەس ئىدى، لېكىن كۆۋرۈك ئاستىدىكى زەھەرلىك يىلانلار كۆڭلۈڭلارغا قورقۇنچ سېلىپ، تىنچ كۆڭۈل ھالىتىڭلارنى بۇزۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭلارنى يوقىتىپ، تەمتىرەپ قالدىڭلار، ھەربىرىڭلاردا ئوخشاش بولمىغان قورقۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى — كۆڭۈل ھالىتى ئىش – ھەرىكەتكە ئەلۋەتتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.



# ئالدىن كۆرەرلىك

● لو شيەنشىڭ

گۈلباھار ئەخەت تەرجىمىسى

ۋېبلېر 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئامېرىكىلىق داڭلىق ئۆي ـ مۈلۈك سودىگىرى ۋە بانكىر . بىراق ئۇ شۇنداق ئىزلارنى قالدۇرۇشتىن ئىلگىرى بانكىدىكى ئادەتتىكى خىزمەتچى ئىدى . ئۇ ئەسلىدە بىر تۇغقىنىنىڭ دۇكىنىغا ياردەملىشىپ ئىشلەيتتى ، ئايىغى يېنىك ، تىرىشچان بولغاچقا ، تۇغقىنىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ، تۇغقىنى ئۇنى بانكا ئىشلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل قىلغان ، ئۇ دائىم بانكىغا بېرىپ تۇرغاچقا ، ئۇ يەردىكىلەر بىلەنمۇ ئوبدان چىقىشىپ كەتكەن . بانكا خوجايىنى ئۇنىڭ سەزگۈر ، سەمىمىيلىكىنى كۆرۈپ ، بانكا خىزمەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلغان . بانكىدا ئۇنىڭ قابىلىيىتى تېزلا كۆرۈنۈپ ، ئۇزاققا قالماي ئاساسىي باشقۇرغۇچىلىققا ئۆستۈرۈلۈپ ، ئۆي ـ مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان .

18 ـ ئەسىر دەل ئامېرىكا تارىخىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئېچىش ۋە قۇرۇش دەۋرى ئىدى ، ئۆي ـ مۈلۈك كەسپى تازا بازار تېپىۋاتاتتى ، ۋېبلېر ۋاشىنگتونغا يېقىن ئەتراپتىكى بىر يەرنىڭ ئىستىقبالى بارلىقىنى پەملەپ سېتىۋېلىشنى پىلانلايدۇ . ئەمما خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايدۇ ، ئۇ يەرنى بەك چەت ، قاقاس ، مەبلەغ سېلىپ قالساق زىيان تارتىمىز ، دەپ قارايدۇ . بىراق ، ۋېبلېر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئامېرىكا ئىقتىسادى زور تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى ، سانسىز دېھقانلار شەھەرگە قاراپ ئېقىۋاتىدۇ ، ئاز كۈنگە قالماي ۋاشىنگتوندا نوپۇس كۆپىيىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن شەھەرنى كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ ، قايسى جەھەتتىن ئېيتساقمۇ ، ئۇ يەر ھامان ئېچىش ۋە قۇرۇشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ ، دەپ قارايدۇ . خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ پىكرىنى قوللىمايدۇ . خوجايىنمۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ . بىراق ، ۋېبلېرغا ئىشەنچىسى بولغاچقا ، ئۇنى ئاخىر شۇ يەرنى سېتىۋېلىش ۋە ئېچىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىدۇ .

ۋېبلېر شۇ يەرنى سېتىۋېلىپ ، قانۇنىي ھۆججەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ ، ئىشقا تۇتۇش قىلىشىغا ، ۋاشىنگتون شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۇ يەردە يېڭى سودا مەركىزى قۇرۇپ ، ۋاشىنگتون يېڭى شەھىرىگە ئايلاندۇرۇش قارارىنى چىقىرىدۇ . ۋېبلېر بىر يىل ئىلگىرى سېتىۋالغان يەرنىڭ قىممىتى بىر كېچىدىلا 10

ھەسسە ئۆرلەپ كېتىدۇ. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ قايىل بولىدۇ. ۋېيلېرنىڭ ئاشۇ قارارى بانكا خوجايىنىغا بىر كېچىدىلا نەچچە مىليون دوللار پايدا يەتكۈزىدۇ. خوجايىنى ۋېيلېرغا 100 مىڭ دوللار ئىنئام قىلىدۇ.

ئۇ چاغدىكى ئامېرىكا شارائىتىدا 100 مىڭ دوللارغا ئىگە بولۇش كارامەت ئىش ئىدى. ۋېيلېر ئاشۇ پۇلنى مەبلەغ قىلىپ ئۆز ئالدىغا بىر ئىش تۇتماقچى بولىدۇ. ئۇ ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ئۆي - مۈلۈك ئېچىش ئىشىدىن باشلاپ، پەيدىنپەي نۇرغۇن كەسىپلەرگە كېڭەيتىدۇ، ئاخىر ئامېرىكىدىكى مەشھۇر ئۆي - مۈلۈك سودىگىرى ۋە بانكىر بولۇپ قالىدۇ.

ۋېيلېرنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى سىرى ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىدە.

يىراقنى كۆرەرلىك دېگىنىمىز، بىر پۇرسەت تېخى ئۆز قىممىتىنى ئىپادىلىمىگەن، كىشىلەرمۇ ئۇنى بايقىمىغان چاغدا ئۇنىڭ كېيىنكى يۈزلىنىشىنى بايقىشىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. پاي چېكى سودىسىدا ئۆسۈۋاتقان پاينىلا قوغلاشسىڭىز زىيان تارتىشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى باشقىلار ئۇنىڭ قىممىتىنى بايقاپ بولغاندىن كېيىن سىز ئاندىن بايقىدىڭىز. باشقىلار ئۇنىڭ قىممىتىنى بايقىمىغان چاغدىلا بايقىيالىسىڭىز، ئاندىن پۇرسەتنى قولغا كىرگۈزەلەيسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىن كۆرەرلىكىڭىز بولۇشى كېرەك.

ھايات ۋە خىزمەتتىمۇ ئەنە شۇنداق، ئالدىن كۆرەلىگەن ئادەملا غالىبلاردىن بولالايدۇ.

## بىر تومۇرغا تەڭلا تېلېفون ئۇرۇش

● لەن تاۋ

خاربىن شەھىرىنىڭ قىش كۈنلىرى جۇدۇنلۇق بولىدۇ. قاتتىق ياغقان قاردىن كېيىن كوچىلار ئەينەكتەك سىلىق بولۇپ كېتىدىغان بولغاچقا، ماشىنىلار ماڭالماي قالىدۇ.

3 - يانۋار چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە، ماشىنا مىغىلداپ ئۆتۈۋاتقان يولدىن ئەمدىلا ئۆتۈپ تۇرۇشۇمغا، بىر ماشىنىنىڭ قاتتىق تورمۇزلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كەينىمگە قارىسام، ماشىنا سوقۇۋەتكەن بىر ئايال ئاڭقىپ يەرگە چۈشتى، ئارقىدىنلا كىشىلەر گۇررىدە ئۇلاشتى.

30 نەچچە ياشلاردىكى بۇ ئايال ھوشىدىن كەتكەن، قارا خۇرۇم چاپىنى قانغا بويالغانىدى. يۈزلىرىدىن ئېقىۋاتقان قان كىشىنى ۋەھىمىگە سالسا، يەرگە يېيىلىۋاتقان قان كىشىنى شۈركۈندۈرەتتى. شوپۇر ئاخىر بىر ماشىنىنى توسۇپ، ئايالنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا سالغاندا، ئايال سەل ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە يۈگۈرتتى، ئاغرىق سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، كالپۇكلىرى تىترەپ تۇراتتى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئېرىمغا تېلېفون بېرىڭلار، مەكتەپكە قىزىمنى ئالغىلى بارسۇن، قىزىم ساقلاپ مۇزلاپ كەتمىسۇن . . . — دېدى ئايال تۆۋەن ئاۋازدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ.

ئەتراپتىكى ۋالاڭ - چۇڭ بىردىنلا بېسىقتى، ئون نەچچە ئادەم تەڭلا دېگۈدەك يانفونلىرىنى چىقىرىپ ئايال ئېيتقان نومۇرغا تېلېفون ئۇرغىلى تۇردى . . .

# كرېمل سارىيى خوجايىنلىرىنىڭ كىرىم مەخپىيەتلىكى

نىكولاي ئىۋانوف (رۇسىيە)
ماھىرە نىياز تەرجىمىسى

كرېمل سارىيىدىكى خوجايىنلار ئايدا قانچىلىك مائاش ئالىدۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، بۇ كومپارتىيىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان بولغاچقا، دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە كىرەتتى، پۇقرالارنىڭ بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن يېقىندا كرېمل سارىيىدىكى ئارخىپلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ھۆججەتلەرنىڭ مەخپىيەتلىكى بىكار قىلىنىپ، كرېمل سارىيى خوجايىنلىرىنىڭ «مەخپىي ھېسابات دەپتىرى»نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئاشكارىلاندى.



## لېنىن ئۆلگەندىن كېيىن...

بولشېۋىكلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، لېنىن پارتىيە كوممۇناسى تەشەببۇس قىلغان تەقسىمات پرىنسىپىنى يۈرگۈزگەنىدى، يەنى «كادىرلارنىڭ مائاشى مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ مائاشىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك»نى يولغا قويغانىدى. پارتىيىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ قەلەم ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىرىمىدىن سىرت، ھەرقانداق كىرىمىنىڭ بولۇشى مەنئى قىلىنغانىدى. لېنىن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشىنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ، ئالىي رەھبىرىي كادىرلار مائاشى بىلەنلا ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ، دەپ ھېسابلىغانىدى. لېنىن ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، 1917 ـ يىلى دېكابىر، ئۆزىنىڭ ئايلىق مائاشىنى 500 رۇبلى قىلىپ بېكىتتى، بۇ ئەينى چاغدا موسكۋا ياكى سان پېتىربورگدىكى مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ ئايلىق مائاشىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ كىتاب ئالغان پۇل بىلەن تازىلىق ئىشچىسى ئىشلەتكەن پۇل مائاشىدىن تۆلەپ قىلىناتتى. لېكىن، ئەمەلىيەت بۇنداق قىلىشنىڭ قانداقتۇر غايىۋىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. لېنىن ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئالاھىدە ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى، كادىرلارنىڭ كىرىمى پەيدىنپەي يوشۇرۇنلىشىشقا باشلىدى. دۆلەت ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مائاش يالغۇز مائاش جەدۋىلىدىكى ئاشۇ سانلىق رەقەملەر بولماي قالدى. مال سېتىۋېلىش كىنىشكىسى، مائاش قوشۇمچە پۇلى،

تۇرالغۇ ئۆي ، قاتناش ياردەم پۇلى قاتارلىق ھەرخىل شەكىلدىكى قوشۇمچە كىرىملەر ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئارىسىدىكى پەرقنى زورايتىۋەتتى .

مەزكۇر ھۆججەتتە ئاشكارىلىنىشىچە ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى ستالىننىڭ 1935 ـ يىلىدىكى مائاشى 500 رۇبلى ئىكەن . كېيىن «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش» ھارپىسىدا ، ستالىن قول ئاستىدىكىلەرنى ماددىي مۇكاپات بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ ، «سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جاسارىتىنى ئاشۇرۇش» ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ مائاشىنى بىر قاتلاپ ئۆستۈرگەن . 1936 ـ يىلى فېۋرالدا ، ستالىننىڭ ئايلىق كىرىمى 1200 رۇبلىغا ئۆسكەن ، بۇ ئەينى چاغدىكى كارخانا ئىشچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشىدىن 5 ھەسسە يۇقىرى ئىدى . 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ، ستالىننىڭ مائاشى 10 مىڭ رۇبلىغا يېتىپ ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 9 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلدى . ستالىن دەۋرىدىن باشلاپ ، ھۆكۈمەت رەھبەرلەرگە مەخپىي ھالدا مائاش قوشۇمچە پۇلى تارقىتىدىغان بولغان ، مانا بۇ داڭقى پۇر كەتكەن «پۇل خالتىسى» تۈزۈمى ئىدى ، ئالىي دەرىجىلىك رەھبەرلەر ھەر ئايدا «يوغان بىر لىپاپا» تاپشۇرۇۋالاتتى ، ئىچىگە نەچچە يۈز رۇبلىدىن نەچچە مىڭ رۇبلىغىچە پۇل سېلىنغان بولاتتى . سوممىسىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى تۇتقان ۋەزىپىسىگە قاراپ بولاتتى . ئادەتتە ئاشكارا مائاشىنىڭ بىردىن ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر پۇل تېگەتتى .

## ستالىندىن كېيىن . . .

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسلاھاتىنىڭ باشلامچىسى خرۇشچېف تەختكە چىققاندىن كېيىن ، مائاش ئىسلاھاتىدىمۇ دادىل بولدى ، ئۇ «پۇل خالتىسى» تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئۆزى ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى توختاتتى ، باشقا ھوقۇقدارلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئىتىگە تاقالغاچقا ، بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە تەختتىن چۈشۈشىدە ئاپەت يىلتىزى بولۇپ قالدى . 1949 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە ۋەزىپىدە ئولتۇرغان مەزگىلىدە ، خرۇشچېفنىڭ ئايلىق مائاشى 800 رۇبلى (1950 ـ يىلى بىر رۇبلى 2 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ ئىدى ) بولغانىدى . پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ، ئۇ 500 رۇبلى پېنسىيە مائاش ئالدى . ئۇ كرېمل سارىيىدىكى كىرىمى ئەڭ ناچار سابىق خوجايىن ھېسابلىناتتى . ئۇ قازا قىلغاندا ، مۇسىبەت خەۋىرى ئۇقتۇرۇشىدا : «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالاھىدە پېنسىيە پۇلىدىن بەھرىمان بولغۇچى ن . ش . خرۇشچېف ۋاپات بولدى» دېگەن بىر جۈملە خەت يېزىلغانىدى .

خرۇشچېفنىڭ «زاھىدلىق»ى برېژنېفنى توپتوغرا توققۇز يىل قىينىدى . ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئايدا ئالىدىغان 800 رۇبلى مائاش بەكلا تۆۋەن ئىدى ، ھالبۇكى ئەينى چاغدىكى ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 120 رۇبلى ئىدى . لېكىن برېژنېف قەلەم ئوينىتىشقا ئامراق ئادەم بولغاچقا ، قەلەم ھەققى ئۇنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن «كىچىك جاي» ، «بوز يەر» ، «ئويغىنىش» قاتارلىقلارنى سىياسىي كىتابلار نەشرىياتى يۇقىرى قەلەم ھەققى بىلەن زور تىراژدا ، كۆپ قېتىم قايتا ـ قايتا نەشر قىلدى . برېژنېفنىڭ چۆنتىكى پۇلغا توشۇپ كەتتى . ئۇ 18 يىل كومپارتىيىنىڭ داھىيسى ۋە دۆلەت رەھبىرى بولۇپ ، جەمئىي 500 مىڭ رۇبلى كىرىم قىلدى . بۇ ، بىر يېزا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ 500 يىللىق مائاشىغا باراۋەر ئىدى .

برېژنېفتىن كېيىن ، ئىنتىزام ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئاندروپوفنىڭ ئالىدىغان ئىش ھەققى بىرقەدەر ئاز بولغانىدى . 1982 ـ يىلى ، ئاندروپوفنىڭ ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى 1200 رۇبلى

بولغانىدى . چېرنومىنكوف باش سېكرېتار بولۇمۇ برېژنېفقا ئوخشاش ، دائىم پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلدۇرۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، قەلەم ھەققى كېلىپ تۇراتتى . 1990 - يىلىدىن بۇرۇن ، گورباچېف ئۆزىنىڭ مائاشىنى ئۆزگەرتىپ باقمىغان ، ئىزچىل 800 رۇبلى ئالغان بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 4 ھەسسىسىگە باراۋەر ئىدى . پەقەت بىر قېتىملا ، 1990 - يىلى گورباچېف سوۋېت ئىتتىپاقى زۇڭتۇڭى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى بولۇشتەك قوش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن 3000 رۇبلى مائاش ئالغانىدى . لېكىن پۇل پاخاللىقى ناھايىتى تېزلا بۇ پۇللارنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈۋەتتى (1990 - يىلى بىر كىلوگرام پەمىدۇرنىڭ باھاسى 60 رۇبلىدىن ئارتۇق ئىدى ) .

## يېلتسىننىڭ مائاشى

يېلتسىن تەختتىكى مەزگىلدە ، دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ مائاش ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بارمىدى . لېكىن ئۇ 1917 - يىلىدىن تارتىپ كرېمل سارىيى خوجايىنلىرىنىڭ مائاشىنى مەخپىي تۇتۇش بەلگىلىمىسىنى بىكار قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ھېساباتىنى ئاشكارىلىدى . بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيە تارىخىدا شەخسىي كىرىمىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان دۆلەت باشلىقى ئىدى . 1997 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئالاقىدار قانۇنلاردا ، رۇسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ مائاشى 10 مىڭ رۇبلى بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەندى . 1999 - يىلى 15 مىڭ رۇبلىغا ئۆستى . شۇ چاغدا ، كرېمل سارىيى خوجايىنلىرىنىڭ ئايلىق مائاشى يەنىلا جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرىچە مائاشنىڭ 10 ھەسسىسىدىن ئارتۇق ئىدى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، رۇسىيە ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ مائاشىنى ئۆستۈردى . پۇتىن تەختكە چىققان دەسلەپكى 10 ئايدا ، يېلتسىن زۇڭتۇڭ بولغان چاغدىكى بىلەن ئوخشاش مائاش ئالغانىدى . 2002 - يىلى 30 - ئىيۇندىن باشلاپ ، ئۇنىڭ مائاشى 63 مىڭ رۇبلى (تەخمىنەن 2100 ئامېرىكا دوللىرى ) بولدى . 2002 - يىلى ئاۋۋال ئالىي ئەمەلدارلارنىڭ مائاشى ئۆستى ، ئارقىدىن بۇ كاتتا سوۋغا سابىق يۇقىرى رەھبەرلەرگە نېسىپ بولدى . يېقىندا ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيە فېدېراتسىيىسى سوۋېتىنىڭ سابىق رەھبەرلىرىنىڭ پېنسىيە مائاشىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى .



مائاش ئۆزگىرىشىدىن قارىغاندا ، ھازىرقى رۇسىيە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ «خەلقنىڭ چاكىرى» دەۋرىدىن «دۆلەتنىڭ دىرېكتورى» دەۋرىگە ئۆتكەنلىكىنى ، يەنى ، جەمئىيەت رەھبەر ياللاپ دۆلەتنى باشقۇرغۇزۇپ ، ئاندىن مۇۋاپىق ئىش ھەققى بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .



# تۇرمۇشىڭىزدىكى تەكرارلىنىش تۇيغۇسىنى بۇزۇپ تاشلاڭ

ئىمىنجان ھەمدۇللا تەرجىمىسى

سىز مۇنداق بىر ھادى-
سىگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ :
تۇرمۇشتىكى دەرسلىك تەك-
رار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ .
ئاجرىشىپ يەنە توي قىلى-
سىز ، بىرىنى يولغا سېلىۋې-
تىپ يەنە بىرى بىلەن كۆرۈ-
شىسىز ، ئەمما كۆرگەنلىرى-
ڭىزنىڭ ئوخشاشلا بىرخىل
ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقايسىز ،
ئۇلارنىڭ پەقەت بوي - تۇر-
قى ، ئىسمىلا ئوخشىمايدۇ .
سىز توختىماي تاللايسىز ،
ئۇنى - بۇنى ئالماشتۇرىسىز ،
ئەمما سىز كۆرگەن خوجايىن-
لارنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى-
نى بايقايسىز . ئەگەر ئائىلى-
دىكى ھوقۇقدار بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىڭىزنى ياخشى بىر
تەرەپ قىلالمىسىڭىز ، جەم-
ئىيەتتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش
مەسىلىگە يولۇقۇشىڭىز مۇم-
كىن . تۇرمۇشىڭىزدا شۇنىڭ-
غا ئوخشاش نوپۇزلۇقلار يەنە
پەيدا بولىدۇ ، ئەمما سىز تا-
كى بويسۇنۇشنى ، بۇ دەرسكە
ئىتائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋال-
غۇچە ئۇلار بىلەن قارشىلى-
شىسىز .

ئوخشاش بىر دەرسلىك
ۋە بىر ئوقۇتقۇچى تۇرمۇشى-
ڭىزدا پەيدا بولۇپ ، تاكى پۈ-
تۈنلەي چۈشىنىۋالغۇچە سىز-
گە دەرس ئۆتۈپ بېرىدۇ .
سىز قېچىشقا ئۇرۇنۇشىڭىز
مۇمكىن ، ئەمما ئاخىردا قا-
چىدىغان جاي تاپالمايسىز .
دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدى-
غان ئاشۇ ئەندىزە ۋە ئىشلار-
دىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ
بىرلا ئۇسۇلى بار ، ئۇ بولسى-
مۇ قارشىڭىزنى ئۆزگەر-
تىپ ، بۇ ئەندىزىلەرنى ئېنىق
تونۇۋېلىش ھەم بۇ دەرسلىك-
لەرنى ئۆگىنىۋېلىشتۇر . بۇ
خىرىسلارغا توغرا نەزەردە قا-
رىشىڭىز مۇنداق بىر پاكىتنى
قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەكلى-
كىدىن دېرەك بېرىدۇ ، يەنى
ئۆزىڭىزنىڭ سەۋەبىدىن تۇر-
مۇشىڭىزدا ئوخشاش ئادەم ۋە
ئىشلار قايتا - قايتا پەيدا بو-
لىدۇ ، گەرچە بۇ خىل مۇنا-
سىۋەت ۋە ئەھۋال كىشىنى
قاتتىق ئازابلىسىمۇ .

شۇڭا ، خىرىس سىزنىڭ
قايتا - قايتا تەكرارلانغان ھە-
رىكەت ئەندىزىسىنى پەرق ئې-
تىشىڭىز ھەم ئۇنىڭدىن قۇ-
تۇلۇپ چىقىشىڭىزدا . ۋەھا-
لەنكى ، بۇ ئاسان ئىش ئە-
مەس ، چۈنكى ئۇ سىزنىڭ
ھەممىسىنى ئۆزگەرتىشىڭىز
كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرى-
دۇ . ئەمما ئۆزگەرتىش دې-
مەككە ناھايىتى ئوڭاي ، كونا
قائىدە - يوسۇنلارغا ئېسىلى-
ۋېلىپ ، جاھاننىڭ رەپتارىغا
قاراپ ياشاش ناھايىتى ھۇ-
زۇرلۇق ئىش ، ئەمما روھى-
نىڭ يېتىلىشىگە پايدىسىز .

ئۆزگەرتىش مۇساپى-
ڭىزنى تېزلىتىش ئۈچۈن ،
ئارزۇ ۋە سەۋر - تاقەتتىن
ئىبارەت بۇ ئىككى دەرسنى
ئۆگىنىشىڭىز كېرەك . ئە-
گەر سىزدە ئارزۇ ۋە سەۋر -
تاقەت بولسىلا ، مۇقىم ئەندى-
زىنى پەرق ئېتىش ۋە بۇزۇپ
تاشلاشنىڭ ئۈنچىلىك قور-
قۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى ھېس
قىلىشىڭىز مۇمكىن .

ئۆزگەرتىش - ئۆزگەر-
تەلمەسلىكنىڭ ھەقىقىي تەدى-
بىرى ئارزۇيىڭىزدا . باش -
ئايىغى يوق تەكرارلىنىشلار-
دىن قۇتۇلۇپ چىقىمەن دەيدى-
كەنسىز ، ئاۋۋال سىزنى
چىرمىۋالغان ئاشۇ ھەرىكەت

ئەندىزىلىرىنى پەرق ئېتىشىڭىز كېرەك، شۇ چاغدا كونا ئادەتتىن قۇتۇلالايسىز.

ئەگەر ھەقىقەتەن ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، بىر قارارغا كېلىپ ئۆزگەرتىڭ ھەم ئەمەلدە كۆرسىتىڭ، ئەگەر پەقەتلا ئۆزگەرتىش كېرەك دەپ قارىسىڭىز، ئازاب ئىچىدە قارار چىقىرىسىز، كېيىن بۇ خىل ئۆزگەرتىشنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئازابلىق بەدەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. كۆز ئالدىڭىزدىكى دولقۇنغا ماسلىشىش، دوست - بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىش، ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ ئارزۇسىغا بويسۇنۇش ئۈچۈن، قەتئىي قارارغا كېلىپ ئۆزگەرتىڭ؛ روھىڭىزنىڭ قوماندانلىقىغا ھۆرمەت قىلسىڭىزلا، خۇشاللىق بىلەن ئۆزگىرەلەيسىز.

شۇڭا، سىز تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، ئاۋۋال ئۆزىڭىزدىن: «مەن زادى ئۆزگىرىشنى خالايمەنمۇ، خالىمايمەنمۇ؟» دەپ سوراڭ. ئەگەر سىز جاۋاب بېرەلمىسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئۆزگەرتىش كېرەك دەپلا قارايدىغانلىقىڭىزنى، ئەمما بۇنىڭ ئىچ - ئىچىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي يۈرەك سۆزىڭىز ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن.

سەۋر - تاقەت كۈتۈش جەريانىدىكى بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولغاندا، سەۋر - تاقەتتىن ئىبارەت بۇ دەرسكە دۇچ كېلىسىز. سىز ھەمىشە ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقسىڭىز، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىسىز، ئالايلى، كىشىلەر تاماقنى پەرھىز قىلىپ ئورۇقلىماقچى بولىدۇ، ئەمما ئاغزىنى باشقۇرالمايدۇ، ئۇلار ھەمىشە يېڭى يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى داۋاملاشتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ، كونا ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ.

خۇددى سىزگە ئايان بولغاندەك، مۇقىم ھەرىكەت ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، بۇ جەرياندا، كەڭ قورساقلىق ۋە سەۋر - تاقەتنى يېتىلدۈرۈشىڭىز، قەدەممۇقەدەم، ئالدىرىماي ئىلگىرىلىشىڭىز كېرەك. ئۆسۈپ - يېتىلىش ئۇزۇنغا سوزۇلغان، كۆپ ئەجىر كېتىدىغان جەريان بولۇشى مۇمكىن، بۇ جەرياندا، سەۋر - تاقەت سىزگە ئىرادە ئاتا قىلىدۇ، سىزنى ئايلانماقچى بولغان ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئەگەر سىز ماشىنىلارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىغا بەك ئۆچ بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز كۆپرەك سەۋر - تاقەتكە موھتاج، سىز ماشىنىلار توسۇلۇپ قالىدىغان ئىشلارغا سەۋر - تاقەتلىك كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپرەك ئۇچرايسىز، بۇ تەڭرىنىڭ سىزگە قىلغان چاقچىقى ئەمەس، بەلكى سەۋر - تاقەتلىك كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا سىزنىڭ ماشىنا توسۇلۇپ قالىدىغان ئىشلارغا سەزگۈرلۈكىڭىزنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدە.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۆگىنىپ بولغۇچە توختىماي تىرىشىڭ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا ئازراقلا سەۋر - تاقەت كېرەك، ئەلۋەتتە.



قارار ماقۇللاندى، دېرىزىنى ئېچىۋېتىڭلار!

## ھەجۋىي رەسىم ۋە يۇمۇرلار

### ئۆزىنى قۇربان قىلىش

ئون ئەر بىلەن بىر ئايال تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن چۈشۈرۈپ بەرگەن ئارغامچىغا ئېسىلىپ تۇراتتى . ئارغامچا ئون بىر ئادەمنى كۆتۈرەلمەيتتى ، شۇڭا بىر ئادەمنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە توغرا كەلدى .

ئارىدىن ھېچكىممۇ كىم چۈشۈپ كېتىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالمىدى . ئاخىرىدا ئايال ئۆزى چۈشۈپ كېتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، تولىمۇ تەسىرلىك بىر نوتۇق سۆزلىدى :

— مەن باشقىلارنى قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا ئۆز ھاياتىمنى قۇربان قىلىشقا رازى ، چۈنكى ، ئاياللار ئېرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا ئادەتلەنگەن .

ئايالنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشقاندا ، ھەممە ئەر چاۋاككا قول كۆتۈردى . . .

### يۇقرالىق ھوقۇقى

مۇئەللىم تارىخ دەرسىدە بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىدى :

— تۈنۈگۈن يۇقرالىق ھوقۇقى توغرۇلۇق دەرس سۆزلىگەنىدىم ، قېنى ، شۇنىڭ ئەچىدىن ئون خىلىنى كۆرسىتىپ باققىن .

ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرەلمەي ، بېشىنى قاشلاپ تۇردى .

— ھە ، بولمىسا بەش خىلىنى ئېيتىپ بەر .

ئوقۇغۇچى يەنىلا بېشىنى قاشلاپ تۇراتتى ، مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى :

— ھەي ، بىرەرىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەمسەن ؟ !

ئوقۇغۇچىنىڭمۇ جىدىنى ئۆرلىدى :

— يۇقرا بولۇش سالاھىتىم بىلەن ، مەن سۈكۈت قىلىشقا ھوقۇقلۇق !

### سۆيۈش

بىر كاتتا مېھمانساراينىڭ سىرتىغا مۇنداق ئېلان چىقىرىلغانىدى : «سۆيۈش سېتىلىدۇ ، باھاسىنى يۈز تۇرانە سۆزلىشىمىز .»

بىر ئادەم بۇ ئېلانغا قىزىقىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كۈتكۈچىدىن سورىدى :

— خېنىم ، باھاسى ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ بېكىتىلەمدۇ ياكى سۆيۈشنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىكىگە ؟

— ئەپەندى ، خاتا چۈشىنىپ قاپسىز ، بىز باھانى سۆيۈشنىڭ ئورنىغا قاراپ بېكىتىمىز .

### تېلېفون

بىر يىگىت ھەر كۈنى كەچتە دېرىزىسىدىن ئۇدۇل بىنادا ئولتۇرىدىغان بىر قىزنى دۇربۇن بىلەن كۆزىتەتتى . قىزنىڭ بۇنىڭغا تولىمۇ ئاچچىقى كەلدى . بىر كۈنى سەھەردە ئۇ يىگىتكە تېلېفون بەردى :

— ياخشىمۇسىز ؟ مەن سىزنىڭ قارشى تەرىپىڭىزدە ئولتۇرىدىغان قىز ، ئېسىڭىزدىمۇ ، ئاخشام مەن پايپىقىمنى يېشىپ قەيەرگە قويدۇم ؟

### ئەما

بىر ئەما يولدا ساقچىغا ئۇچراپ قاپتۇ .

— ياخشىمۇسىز ، ساقچى ئەپەندى ؟ — ئەھۋال سوراپتۇ ئەما .

— بۇ قانداق گەپ ، مېنى كۆرەلمىدىڭ-



تەساددىپىلىق

-مۇ؟ — سوراپتۇ ساقچى ھەيران بولۇپ.
— ساقچى ئەپەندى، ماڭا يول باشلاپ
كېلىۋاتقان ئىتىنىڭ كەينىگە تارتىشىشىغا
قاراپ ساقچى ئىكەنلىكىڭىزنى بى-
لىۋالدىم.

## كەسىپ

بىر ئادەم ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە قانداق-
راق كەسىپنى تاللايدىغانلىقىنى بىلىپ باق-
قۇسى كېلىپ سورىدى:
— ئوغلۇم، قانداقراق كەسىپتە ئىش-
لەشنى ياقتۇرىسەن؟ بىرەر كەسىپنى تاللاي-
دىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى.
— قانداق كەسىپنى تاللىسەن دەم-
سەن، دادا، بۇ ئاددىيلا گەپقۇ، — دېدى يى-
گىت، — ئاستىمدا ئەتىگەندىن - كەچكىچە
ماشىنا، يانچۇقۇمدا لىققىدە پۇل بولىدىغان
كەسىپنى تاللايمەن - دە.
— قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭ ئېنىق
بولدى، — دېدى دادىسى، — سەن ئامما-
ۋى ئاپتوبۇستا بېلەت ساتقۇچى بولغۇدەك-
سەن.



بۈگۈن ئارام ئالىمەن



# تۈركىيىنىڭ ياۋروپادىكى رولى

## — ئېلدۇئان بىلەن سۆھبەت

ئابلاجان تاھىر تەرجىمىسى

رەجەپ تايىپ ئېلدۇئان تۈركىيە ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ رەئىسى، مەزكۇر پارتىيە يېقىندا سايلامدا غەلىبە قىلدى ھەم ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيىگە ئايلاندى. «يەر شارى كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى نېسىن گاددىرىس شۋېيتسارىيىدە داۋوس ئىقتىساد مۇنبىرى يىغىنىغا قاتناشقان ئېلدۇئان بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

**يەر شارى كۆزنىكى:** تۈركىيە ئىسلام دۆلىتى بولغاچقا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ياۋروپانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشىنى خالىمايدۇ. ھېچ چۈشەنمىدىم، نېمە ئۈچۈن تۈركىيە ياۋروپانىڭ بىر ئەزاسى بولۇشقا شۇنچە تىرىشىدۇ؟

**ئېلدۇئان:** 2004 - يىلى باشلىنىدىغان تۈركىيىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىش مۇساپىسى پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن دېموكراتىيىنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى نامايان قىلىدىغان بىر پۇرسەت. تۈركىيە ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بۇ نىسبەت ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى.

دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا دېموكراتىيە بىلەن ئىسلامنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ناھايىتى تەس. شۇڭا، تۈركىيە ئەمەلىيەتنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئۈلگە بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھال ئىسلام دۇنياسىنىڭ ياۋروپاغا بولغان قارىشىنى، ياۋروپانىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان قارىشىنى تېخىمۇ توغرىلايدۇ. تارىخنىڭ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتىدە، تۈركىيە ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشىمىز پروفېسسور سامۇئېل خۇنتىنگتوننىڭ «مەدەنىيەت توقۇنۇشى» كۆز قارىشىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇنىڭ قارشىسىنىڭ ئەكسىچە، بىزنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشىمىز تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرىكىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كۆزلەيدىغىنى قىممەت بىرلىكىدۇر. ئۇ جۇغراپىيىلىك ئىتتىپاق ئەمەس ھەم چېگرا مەسىلىسىگە چېتىلمايدۇ. سىپروسنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ بۇ خىل قاراشنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئاتالمىش ياۋروپا «سالاھىيىتى» تېخى بېكىتىلگىنى يوق، پەقەت ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە دائىرە بەلگىلەش جەريانىدۇر، تۈركىيىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا قاتنىشىش جەريانى ياۋروپا ئۇقۇمىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق.

**يەر شارى كۆزنىكى:** قىممەت ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا، بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا ئەللىرىدە ھەربىيلەر يېتەكچى ئورۇندا تۇرمايدۇ. تۈركىيە «كامالىزم»نى يولغا قويغان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەربىيلەر ھوقۇقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىكى كېسىم چىقارغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ، بۇ خىل ھالەتتە ئۆزگىرىش بولامدۇ؟

**ئېلدۇئان:** تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش جەريانىدا، ھەربىي قوشۇن ئالاھىدە رول ئوينىغان ھەم ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ناۋادا، سىياسىئونلار سىياسىي تۇرمۇشتا پىكىر ئىختىلاپىغا يولۇقسا ھەربىيلەر ئارىلاشقان.

بىراق، خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەربىي قوشۇننىڭ بۇ خىل رولى تەدرىجىي ئۆزگەردى، سىياسەتنى سىياسىئونلار بېكىتىدىغان بولدى. بۈگۈنكى تۈركىيە مۇقىم ھەم كۈچلۈك سىياسىي خاھىشقا ئىگە دۆلەت. ئىلگىرىكى 50 يىلدا بىزنىڭ كۈچلۈك پارلامېنتىمىز ۋە يېتەكچى رول ئوينايدىغان ئىككى سىياسىي پارتىيىمىز بولغان. مېنىڭ پارتىيەم پارلامېنتتا 60 پىرسەنت ئورۇنغا ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئىش خەلقنىڭ سىياسىي ئارزۇسىغا باغلىق؛ ئاخىرقى قارارنى خەلقنىڭ سىياسىي ئارزۇسى چىقىرىدۇ. دېموكراتىيە ۋە ئاساسىي قانۇنىمىز بويىچە، خەلقنىڭ سىياسىي ئارزۇسى ئەڭ ئالىي نوپۇزغا ئىگە. ئارمىيە بۇنداق ئورۇنغا ئىگە ئەمەس، ئۇ پەقەت بۇ خىل سىياسىي ئارزۇنى قوللايدىغان ئاپپاراتلارنىڭ بىرى.

**يەر شارى كۆزنىكى:** تۈركىيە ئىراق بىلەن سادام ھۈسەيىنگە قورال كۈچى ئىشلىتىشنى توسۇشتا ئورۇنغان قوشنا دۆلەتلەر ئارىسىدا قالدى، سىزنىڭچە بۇ خىل قىيىنچىلىقتىن قانداق قۇتۇلۇش مۇمكىن؟

**ئېلدۇئان:** 1991 - يىلى بىز ئاشۇ بىر مەيدان ئىراق ئۇرۇشىغا غايەت زور بەدەل تۆلىدۇق. مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان تۈركىيىلىك تېررورىزم (كۇردلار مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — مۇھەررىردىن)نىڭ ئېلىمىزدە پەيدا بولۇشى تۈپەيلىدىن ئىراق ئۇرۇشىدىن كېيىن ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ بەدەل 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى بولۇپ ھازىرغىچە تۆلەۋاتىمىز. تۈركىيە ئىقتىسادىمۇ قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرىدى.

بىز يەنە بىر قېتىم بۇنداق بەدەل تۆلەشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبى رايونىدا يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى خالىمايمىز.

بىز ئىراق مەسىلىسىنى خەلقئارا قانۇن بويىچە ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. تۈركىيە دۇنيا تىنچلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ قانۇن بويىچە ئىش كۆرگەندىلا بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي پرىنسىپىمىز دۇنيادىكى ھەرقانداق مۇستەبىت ۋە ھاكىممۇتلەق ھاكىمىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز دېموكراتىيە ۋە دەھرىيچىلىكنى تەشەببۇس قىلىمىز؛ بۇنداق دۆلەتتە قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ.

ئىراق ۋە ئۇرۇش مەسىلىسىدە ب د ت نىڭ قورال - ياراغ تەكشۈرۈش دوكلاتى ناھايىتى مۇھىم. ئۇنىڭدىن قالسا ھەممە ئىش خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ قارارىغا باغلىق، بىزنىڭ ئىراق ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ياكى قاتناشماسلىقىمىزنى پارلامېنت ئەزالىرى بەلگىلەيدۇ. بىز مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل

قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز ، چۈنكى بىز دۇنيا-
نىڭ ھەر قانداق يېرىدە قان تۆكۈلۈشنى خالى-
مايمىز .

يەر شارى كۆزنىكى : ئىراق كىرىزىسى-
نى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى
سادام ھۈسەيىننىڭ قولىدا ، ئامېرىكىنىڭ قو-
لىدا ئەمەس ، شۇنداقمۇ ؟

ئېلدۇئان : سادام ھۈسەيىن ياكى باشقى-
لارنىڭ قارارى بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ،
بىز ئۈچۈن مۇھىمى قورال - ياراغ تەكشۈر-
گۈچىلەرنىڭ دوكلاتى ، خەۋپسىزلىك كېڭەشى
چىقارغان قارادۇر . خەۋپسىزلىك كېڭەشى
قانۇنلۇق دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى ، بىز-
نىڭ ئۇنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرى-
يىتىمىز بار ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، شۇ ئا-
ساستا مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ
بارىمىز .

يەر شارى كۆزنىكى : سىز ئىلگىرى :
«زور كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى قانداق
يوقىتىش توغرۇلۇق كۆپ توختالدۇق . بۇ
ياخشى ئوي ، ئەمما ، بۇ سۆزنى ئاغزىدىن چۈ-
شۈرمەيدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قورالل-
رىنى يوقىتىشقا قىلچە قىزىقمايدۇ ؛ ئەكسىچە
ئۆزلىرىنىڭ قوراللىرىنى داۋاملىق كۈچەيتى-
دۇ» دېگەنىدىڭىز .

سىز بۇ سۆزىڭىزدە ئامېرىكىنى كۆزدە
تۇتۇۋاتامسىز ، يەنى ئۇرۇش ئارقىلىق باشقى-
لارنىڭ زور كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللىرىنى
تارتىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قالدى
ۋە كۈچەيتتى ، دېمەكچىمۇ ؟

ئېلدۇئان : زور كۆلەملىك قىرغۇچى
قوراللارنى يوقىتىشتا چوڭ دۆلەت ، كىچىك
دۆلەت ئايرىمىسى يوق .

يەر شارى كۆزنىكى : سىز دەھرىي دۆ-
لەتتىكى مۇسۇلمانلار سىياسىي پارتىيىسىنىڭ
رەھبىرى ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى قانداق تەڭ-
شەيسىز ؟

ئېلدۇئان : ئالدى بىلەن بىر سىياسىي
پارتىيىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ياكى غەيرىي مۇ-
سۇلمانلارنىڭ دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ . سىيا-
سىي پارتىيە بىر ئاپپارات . شەخسلەرنى مۇ-
سۇلمان ، خرىستىئان مۇرىتى ياكى ئاتېئىزمە-
چى دەپ ئايرىش مۇمكىن ، بۇ كىشىلەرنىڭ
خۇسۇسىي ئىشى .

شەخسەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام ، مەن
دىنغا ئىشىنىدىغان ئادەم ، لېكىن ، مېنىڭ
پارتىيەم ھېچقانداق دىن ئاساسىغا قۇرۇلمى-
غان . پارتىيىمىز مۇتەئەسسىپ دېموكراتىك
پارتىيە ، بىز ئەزەلدىن دىنىنىڭ ئورنىنى بې-
كىتكەن ئەمەس . بىزنىڭ تۈپ پرىنسىپىمىز
ئىسلام ياكى ئىسلامىزم ئەمەس .

نۇرغۇن كىشىلەر : «ياۋروپادا خرىستى-
ئان دىنى دېموكراتلار پارتىيىسى بولغاندى-
كىن ، چوقۇم بۇلارمۇ مۇسۇلمان دېموكراتلار
پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى» دەپ ئويلايدۇ . بۇن-
داق قاراش خاتا ، مۇبادا بىز پارتىيىمىزنىڭ
ئىسمى (ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى )
ئالدىغا «مۇسۇلمان» ياكى «ئىسلام» سۆزلى-
رىنى قوشساق ، دىن ئارقىلىق سىياسىي مەق-
سەتكە يەتكەن بولىمىز ، بىز دەل بۇنىڭغا قار-
شى . بىزنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى-
مىزدا قىلچە خاتالىق يوق . بىراق سىياسىي
پارتىيە ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى بۇنداق ئە-
مەس ، ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ،
شۇڭا ، بىز بۇ ئىككىسىنى ئايرىيمىز .

يەر شارى كۆزنىكى : سايلام مەزگىلى-
دە ، سىز دائىم دىنىي ئەركىنلىكنى تىلغا
ئالغاندىڭىز ، نۆۋەتتە سىلەر ھاكىمىيەت يۈر-
گۈزگۈچى پارتىيىگە ئايلاندىڭلار . سىزنىڭ دى-
نىي قۇتراتقۇلۇق جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە
تاشلىنىشىڭىزغا سەۋەبچى بولغان ئاشۇ شې-
ئىرنى ھازىرمۇ دېكلاماتسىيە (شېئىردا :
«مەسچىتلەر گازارمىمىزغا ئايلاندى» دېيىل -
گەنىدى — مۇھەررىردىن ) قىلالامسىز ؟

ئېلدۇئان : ئۇ شېئىرنى داڭلىق پانتۈر-
كىزمچى شائىر يازغان . ئۇ كالىزمنى قەتئىي
ياقىلىغۇچى . ئوخشىمىغان سورۇن ۋە ئوخشى-
مىغان ۋاقىتتا ، مەن ئۇ شېئىرنى ھەقىقەتەن
دېكلاماتسىيە قىلغان . نۆۋەتتە مەن ۋاقىتىنچە
دەم ئېلىۋاتىمەن . ئېھتىمال كەلگۈسىدە مەز-
كۇر شېئىرنى يەنە دېكلاماتسىيە قىلىشىم مۇم-
كىن .

# ئاشۇ قورال ـ ياراغ تەكشۈرگۈچىلەر كىملەر

● سيېن گرېگورى (ئامېرىكا)
● ئالىمجان تاھىر تەرجىمىسى

كۆك رەڭلىك پادىچىلار شىمى ، كالتەك
توپى ماھىرلىرىنىڭ قالپىقىنى كىيىپ باغداد
كوچىلىرىدا يۈرگەن ب د ت قورال ـ ياراغ
تەكشۈرۈش خادىملىرى قارىماققا قولىدا كۆ-
نۈپكا تاختىسى كۆتۈرۈۋالغان تور ئىنژېنېرلى-
رىغا ئوخشايدۇ ، ئەمما ئۇلار ئادەتتىكى ئادەم-
لەر بولماستىن ، بەلكى مىڭلىغان ـ ئونمىڭ-
لىغان ئادەملەر ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغانلار-
دۇر . «بىز كوچىدا كېتىۋاتقانلارنى تاللاپلا بۇ
خىزمەتكە قويمىغانمىز» دەيدۇ ئېۋېن بۇكان-
نان ، بۇكاننان «ب د ت نازارەت قىلىش ـ
تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتى»
( UNMOVIC ) نىڭ ئاخبارات باياناتچىسى ،
مەزكۇر كومىتېت ئىراق چېگرىسى ئىچىدە
بىئولوگىيىلىك ـ خىمىيىلىك قوراللارنى تې-
پىشقا مەسئۇل . بۇكانناننىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ
ئىشنى قىلىشقا ئىلتىماس قىلغانلار ناھايىتى
كۆپ بولۇپ ، بىر قىسىملارنىڭ شارائىتى ياخ-
شى ئىكەن ، بىر قىسىملار بولسا تەۋەككۇلچى-
لەر بولۇپ ، ئىراققا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىشكە
ھېرىسمەن ئىكەن .

بۇ تەكشۈرۈش خادىملىرى UNMOVIC
ياكى ئىراق چېگرىسى ئىچىدە يادرو قورالل-
رىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل «خەلقئارا ئا-
توم ئېنېرگىيە ئاپپاراتى» (IAEA )غا
قاتنىشىشتىن ئىلگىرى ، ئوفىتسېر ، خى-
مىك ، باكتېرىيەشۇناس ياكى فىزىك ئىدى .
ئۇلار ھەربىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىنلا بولۇپ
قالماستىن ، يەنە خەلق ئىچىدىكى
تەجرىبىخانىلار ، خۇسۇسىي كارخا-
نىلار ۋە ئىلىم ساھەلىرىدىن كەلگەن
بولۇپ ، يېشى 25~65 ياش ئارىلىقىدا



ب د ت قارارىدا ، تەكشۈرۈش
خادىملىرى چوقۇم «ئەڭ كەڭ جۇغ-
راپىيىۋى ئاساس»قا ئىگە بولۇشى
لازىم ، دېيىلگەن ، شۇڭا ئۇلار 49
دۆلەتتىن كەلگەن . تەكشۈرۈش خا-
دىملىرى ئىچىدە ھەربىي سەپتىن
چېكىنگەن ئامېرىكىلىق بىر نەپەر
قۇرۇقلۇق ئارمىيە پولكوۋنىكى بار
بولۇپ ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىل-
لىرىدا رۇسىيىدە يادرو ئېنېرگىيە-
سى تەكشۈرۈش خادىملىرىغا يېتەك-
چىلىك قىلىپ يادرو قوراللىرىنى
قىسقارتىش كېلىشىمىنى ئەمەلىي-
لەشتۈرۈشكە قاتناشقان ؛ مىسىرلىق
بىر نەپەر ئايال خىمىك ئىلگىرى
خەلقئارا ئاتوم ئېنېرگىيە ئاپپاراتى

تەجرىبىخانىسىدا خىزمەت قىلغان؛ بىخەتەرلىك مەسلىھەت شىركىتى قۇرغان يەنە بىر نەپەر ئەر ئامېرىكىنىڭ ۋېرگىنىيە شىتاتىدىن كەلگەن .

تەكشۈرۈش خادىملىقىغا تاللانغانلار تېخنىكا جەھەتتىن مول بىلىمگە ئىگە بولۇشتىن سىرت، يەنە خىزمەتتە ئورتاق ھەمكارلىشىش روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ كىشىلەر چوقۇم ئىنگلىز تىلى بىلىشى لازىم . IAEA نىڭ تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋېينادىكى باش ئاپپاراتىدا بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىدۇ، ئەمەلىي خىزمەت باشلانغاندىن كېيىن، يېڭى خادىملار بىلەن پېشقەدەم تەجرىبىلىكلەر ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ . UNMOVIC نىڭ تەكشۈرۈش خادىملىرى ئالدى بىلەن بەش ھەپتىلىك ئادەتتىكى تەربىيىلەشكە قاتنىشىدۇ، جۈملىدىن ئىراقنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، بىخەتەرلىك مەسىلىسى ۋە قورال - ياراغ تەكشۈرۈشنىڭ قانۇن ئاساسى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىدۇ . ئارقىدىن مەخسۇس بىر ساھەنى تاللاپ ئۆگىنىدۇ، ئالايلۇق، ۋاكسىنا ياساش . ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا خەلق ئىشلىرىغا ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان زىيانسىز مۇئەسسەسەلەردىن بىنورمال ئەھۋالنى بايقىيالايدىغان، ئەڭ يېڭى قورال تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلىنىدۇ . تەقلىدىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە ئۇلاردىن ساختا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياكى ساختا ئىسپىرت گازى يوشۇرغان ساختا ئىراق ئەمەلدارلىرى بىلەن يۈزتۇرانە سۆھبەتلىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ .

بۇ تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ تەمىناتى ياخشى، يىللىق مائاشى 70 — 80 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، خىزمەت تەجرىبىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، بىراق خىزمەت ۋاقتى ئۇزۇن، بېسىمى ئېغىر . فرانسىيىلىك فىزىكا پروفېسسورى، قورال - ياراغ مۇتەخەسسىسى، نۆۋەتتىكى باش يادرو تەكشۈرگۈچى جاككوبىت مۇنداق دەيدۇ : «مەن ئىلگىرىكىدىنمۇ توفرا ھەم سەزگۈر بولۇشۇم لازىم، چۈنكى ھەربىر پارچە دوكلات ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن» .



خوتۇنۇم ئۇتتۇرۇۋەتتى



ئەندىشە



# ئۆزئارا خاتا چۈشىنىشىپ قالغان جۇڭگولۇقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلار

نادىرە رەھىمى تەرجىمىسى



ئامېرىكىنىڭ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئىلگىرى بېيجىڭ دىپلوماتىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئامېرىكىلىق پروفېسسور ئامىت، كەڭ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن چوڭقۇر ئالاقە قىلىش ۋە ئۇزۇن ۋاقىت جۇڭگودىكى ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈش داۋامىدا، نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ جۇڭگوغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە تونۇشىنىڭ ناھايىتى «يۈزەكى» ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ئەزەلدىن جۇڭگوغا كېلىپ باقمىغان بولغاچقا، ئوي - خىيالىدا بىر تەرەپلىمىلىك بولۇشىنىڭ تەبىئىيلىكىنى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، نۇرغۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭمۇ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكى، ھەتتا خاتا ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقىدى. يېقىندا، ئۇ «چىكاگو مۇنبىرى»دە دىسسېرتاتسىيە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزئارا بەش چوڭ خاتا چۈشەنچىسىنى مەخسۇس مىسال ئېلىپ كۆرسەتتى.

## جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا بولغان بەش چوڭ خاتا چۈشەنچىسى

**بىرىنچى خاتا چۈشەنچە:** نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىنى ئىنتايىن باي ھېسابلايدۇ. — دەر ھەقىقەت، خەلق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم جەھەتتە، ئامېرىكىلىقلار دەرۋەقە جۇڭگولۇقلاردىن كۆپ باي. لېكىن ئەمەلىيەتتە، يەر مەيدانى كەڭ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ئوخشاشلا، رايونلار ئارىسىدىكى پەرقىمۇ ناھايىتى چوڭ، مەسىلەن، پايتەخت ۋاشىنگتون ئالاھىدە رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۆلۈكىدىكى ئاھالىلەرنى باي دەپ كەتكىلى بولمايدۇ؛ بۇنىڭدىن سىرت، چىكاگونىڭ جەنۇبى، لوس ئانژېلېسنىڭ جەنۇبى، نيۇيورك شەھىرىنىڭ برونكس قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنى ئامېرىكىنىڭ ھەر قانداق بىر ئۆلچىمىگە سالغاندىمۇ بايلارغا كىرمەيدۇ.

ئامىت نۇرغۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكىدا نەچچە مىليون دىۋانە بارلىقىغا ئىشەنمەي-

دىغانلىقىغا ئەقلى يەتمىدى ، ھالبۇكى ، بەزىبىر جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۇنيادا ئوينايدىغان رولىغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىشى ، ئۇنىڭغا تولىمۇ ھەجۋىي ھەم كۈلكىلىك تۇيۇلىدى .

ئىككىنچى خاتا چۈشەنچە : ئامېرىكىدىكى بايلارنىڭ تۇرمۇشى ھەشەمەتلىك . ئەلۋەتتە ، ئادەتتىكى جۇڭگولۇقلارغا سېلىشتۇرغاندا ، ئامېرىكىلىقلار بىرقەدەر باي ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھېچقانچە ھەشەمەتلىك ئەمەس ، ھېچبولمىغاندا نۇرغۇن جۇڭگولۇقلاردەك چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچىپ ، نۇرغۇن تاماقنى ئاشۇرۇپ قويۇپ ، غادىيىپ چىقىپ كېتىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ . ئامىت گەرچە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنى ئەزەلدىن باي ھېسابلىمايدىغانلىقىنى ، كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭمۇ ھەشەمەتچىلىكتىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى .

ئۈچىنچى خاتا چۈشەنچە : ئامېرىكىنىڭ جامائەت ئامانلىقى ئىنتايىن قالايمىقان . ئامېرىكىنىڭ ھەممىلا يېرى راستتىنلا زوراۋانلىق ، قەستلەش ، زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن تولغان ، جەمئىيەت ئامانلىقى ئىنتايىن قالايمىقانمۇ ؟ ئەمەلىيەتتە ، ئامېرىكىدىكى جىنايەت ھادىسىلىرى گەرچە ئاز بولمىسىمۇ ، لېكىن جۇڭگولۇقلار ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق بىر دۆلەتتە جىنايى ھادىسىلەردىن ساقلانغىلى بولمايدىغۇ . راستتىن ئېيتقاندا جۇڭگولۇقلار ئارزۇ قىلىدىغان «باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز قىرىنى سالماسلىق ، كېچىسى ئىشىكلەرنى تاقىماي ئۇخلاش» ئامېرىكىدىكى بەزى رايونلاردا ئاللىبۇرۇن رېئاللىققا ئايلاندى . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ناھايىتى بىخەتەر ، قىسقىسى ، جۇڭگونىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىگە قارىغاندا كۆپ بىخەتەر .

تۆتىنچى خاتا چۈشەنچە : ئامېرىكىلىقلار «جىنسىي» جەھەتتە ناھايىتى ئەركىن ، جانلىق ھەم «شەھۋەتخور» . ئەمەلىيەتتە ، ئەڭ يېڭى بىر قېتىملىق مەملىكەت خاراكتېرلىق «جىنسىي تەكشۈرۈش»تىن مەلۇم بولدىكى ، يېرىمدىن كۆپ ئامېرىكىلىقلار نىكاھتا «شۈكۈر ـ قانائەتچان» بولۇپ ، ئۇلار بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمنىڭ سادىق قوغدىغۇچىلىرىدۇر . توي قىلغان ئەر ـ خوتۇنلار ئىچىدە ، ئاشنىسى بارلار ئاران % 20 نى ئىگىلەيدىكەن ، ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە ، ئامېرىكىدىكى قۇرامىغا يەتكەن تەخمىنەن % 30 ئادەمنىڭ ھەر ھەپتىدىكى جىنسىي پائالىيىتى ئەمەلىيەتتە بىر قېتىمغىمۇ يەتمەيدىكەن . قۇرامىغا يەتكەن % 60 ئادەمنىڭ ھەر ھەپتىدىكى جىنسىي پائالىيىتى تەخمىنەن ئىككى قېتىم بولۇپ ، جورىسىدىن سىرتقى جىنسىي قىزىقىشنى قوغلاشمايدىكەن . پروفېسسور ئامىت نېمە ئۈچۈن كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلاردا «ئامېرىكىلىقلار جىنسىي ئىشلاردا ئەركىن» دېگەن تەسىرات بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ، بۇ ھوللىۋۇد كىنولىرىدىن كەلگەن بىر تەرەپلىمىلىك تەسىر ، دېدى .

بەشىنچى خاتا چۈشەنچە : ئامېرىكىلىقلار تەكەببۇر ، چەت ئەللىكلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ . ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى ئامېرىكىلىقلار چەت ئەلدىن ئولتۇراقلىشىشقا ، سودا ۋە ساياھەت قىلىشقا كەلگەن «ئەجنەبىي»لەرنى قىلچە كەمسىتمەيلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلارغا قىزغىن ۋە دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ . بۇنى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكىلىقلاردىن يول سورىغاندا سەۋرچانلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدىغاندەك ئەمەلىيەتلەر ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ . ئەلۋەتتە ، بەزىبىر ئامېرىكىلىقلار چەت ئەللىكلەرگە ، بولۇپمۇ نامرات دۆلەتلەردىن

كەلگەن ئادەملەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ ، لېكىن ئۇنداقلار ئاز ساندا . ئوبيېكتىپ قىلىپ ئېيتقاندا ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتى نۇرغۇن شەرق دۆلەتلىرىدىكى كىشىلەردەك كۈچلۈك ئەمەس .

## ئامېرىكىلىقلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا بولغان بەش چوڭ خاتا چۈشەنچىسى

بىرىنچى خاتا چۈشەنچە : جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئىشچان . ئامېت كۆپ ساندىكى مەمۇر خادىملارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنىڭ ئامېرىكىلىق كەسپداشلىرىغا قىلچە يەتمەيدىغانلىقىنى بايقىدى . جۇڭگونىڭ نۇرغۇن مەمۇرىي ئورگانلىرى ، دۆلەت ئىگەلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىش ئاز ، ئادەم كۆپ ھادىسىسى يەنىلا ناھايىتى ئومۇملاشقانىكەن ، ئۇنىڭدىن باشقا ، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى كىشىلەر دېڭىز بويى رايونىدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا تىرىشچان ئەمەس ، شۇڭا جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونىدىكى شەھەرلەر بىر قەدەر باي . ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شاراىئتتىن سىرت ، بۇنى شۇ جايدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

ئىككىنچى خاتا چۈشەنچە : كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلار تۇرمۇشتا بەكمۇ غورىگىل . گەرچە كىرىم جەھەتتىن قارىغاندا ، جۇڭگولۇقلارنىڭ كىرىمى ھەقىقەتەنمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولسىمۇ ، لېكىن ئەمەلىيەتتە كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق جەھەتلەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ ، بولۇپمۇ دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ئادەتتىكى ئامېرىكىلىقلاردىن ھېچقانچە قېلىشمايدۇ ، سەۋەبى ، جۇڭگونىڭ مال باھاسى نىسبەتەن تۆۋەن .

ئۈچىنچى خاتا چۈشەنچە : جۇڭگولۇقلار باشقىلارنىڭ يېشى ياكى كىرىمى قاتارلىق شەخسىي مەسىلىلىرىنى سوراۋېرىدۇ . ئىلگىرى ئامېرىكىلىقلار جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار دەرسلەرنى ئۆگەنگەندە ، جۇڭگولۇقلارنىڭ باشقىلارنىڭ يېشى ، كىرىمى قاتارلىق شەخسىي مەسىلىلىرىنى سورىشى ، قارشى تەرەپكە ئەدەپسىزلىك قىلغىنى بولماستىن ، بەلكى قارشى تەرەپكە بولغان بىرخىل «كۆيۈنۈش»ى ، دەپ ئەسكەرتىلەتتى . «غەرب» شامىلىنىڭ تەسىرىدە ، ھازىر كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلار ، بولۇپمۇ زىيالىيلار غەربلىكلەرنىڭ باشقىلارنىڭ يېشى ، كىرىمى ، نىكاھ ئىشى قاتارلىق شەخسىي مەسىلىلىرىنى سورىماسلىقتەك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى ھەمدە تۇرمۇشىدا غەربلىكلەرنى دورايدىغان بولدى . ھازىر جۇڭگودا ، ئەگەر بىرەيلەن بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايالدىن يېشى ، ئېغىرلىقى ، نىكاھ ئىشى قاتارلىق شەخسىي مەسىلىلىرىنى سورىسا «سوغۇق نەزەر»گە ئۇچرايدۇ .

تۆتىنچى خاتا چۈشەنچە : جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ئىنتايىن ئوسال . ئامېرىكىدا كىشىلەر ھەممىلا يەردە جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيىسى ئۈستىدە گەپ - سۆز قىلىشىدۇ ، ئامېرىكىدا يەنە خېلى كۆپ ئادەم جۇڭگونى چوڭ تۈرمە ياكى چوڭ جازا لاگېرى دەپ ھېسابلاپ ، پۇقرالارنى ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ ، دەپ قارايدۇ . لېكىن ئەھۋال تامامەن ئۇنداق ئەمەس — ئامېت ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، كىشىلىك ھوقۇق بىلەن دېموكراتىيىنىڭ كىشىلەر ئەڭ ئاز سۆزلىشىدىغان پاراڭ تېمىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي قىزىقىدىغىنى ئەمەلىيەتتە پۇل تېپىش ئىكەنلىكىنى بايقىدى . 100 نەپەر جۇڭگولۇق-

# پەرۋەردىگارنىڭ ئالمىسى

ليۇ شاۋدۇڭ

ستانلېي كۇنز قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيەسىگە ئالاھىدە ھەۋەسى بار شۋېتسىيەلىك دوختۇر. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئافرىقىدىكى سەھراىي كەبىر قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتمەكچى بولدى. قۇملۇقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كىرگەن كۈنى كەچتە قارا بوران چىقىپ كېتىپ يول باشلىغۇچى يوقاپ كەتتى، سۇ ۋە يېمەكلىك ئارتىلغان تۆگىلەرنىمۇ يوقىتىپ قويدى، ھەتتا 36 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئېلىۋالغان، ئاغزى ئېچىلغان شامپانمۇ پاك - پاكىز چېچىلىپ كەتتى. ئۆلۈم خەۋپى ئۇنى قىستاپ كېلىۋاتقاندا، ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەيلا قولىنى يانچۇقىغا سالدى: «ئالما!» ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان ستانلېي قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتى: «تېخى بىر ئالمام بار ئىكەن!» بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئاخىرقى تىنىقى قالغان ستانلېينى يەرلىكلەر قۇتقۇزۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەيران قالغىنى، ھالىدىن كەتكەن ستانلېي قولىدا پۈتۈن، ئەمما پۇرلىشىپ سۇيى قالمىغان بىر ئالمىنى چىڭگىدە سىقىمدىۋالغانىدى.

ئۆمرىنى رومانتىك ئۆتكۈزگەن بۇ بوۋاي ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا «تېخى بىر ئالمام بار» دەپ يېزىلغانىدى.

باشقىلار بۇ ئالمىغا قانداق قارايدۇ بىلمەيمەن، شۈبھىسىزكى، ئۇنى ئىشەنچنىڭ نامايەندىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ، بىراق مۇنداق چۈشىنىشكە مەيلىم تېخىمۇ تارتىدۇ: پەرۋەردىگار سېنى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش بىلەن بىرگە، چوقۇم ساڭا ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇۋالالايدىغان ئالمىنىمۇ بېرىدۇ، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ مەلۇم بىر يانچۇقۇڭغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا، بىرەر ئارتۇقچىلىقىڭنىڭ بولماسلىقىدىن ئاغرىنماي، ئاشۇ خورسىنىشقا كەتكەن ۋاقتىڭنى ئالما ئىزدەشكە سەرپ قىل، سەن ئۇنى تاپالىساڭلا، تۇرمۇشۇڭنىڭ قۇملۇقلىرىنى ئەركىن - ئازادە كېسىپ ئۆتەلەيسەن.

ئاشۇ ئالما — دەل ئۆزىمىزدىكى ئارتۇقچىلىقتۇر.

---

نى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تەكشۈرۈشتىن ئىسپاتلىنىشىچە، كۆپ ساندىكى كىشىلەر، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىدا مۇكەممەلسىز تەرەپلەر بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ۋاقىت شەكسىزكى جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى ۋاقىت دەپ ھېسابلايدىكەن.

بەشىنچى خاتا چۈشەنچە: جۇڭگو ئاياللىرى نىكاھتا يەنىلا «بىر ئەر بىلەن ئاداقىچە ئۆتۈش» ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرىدۇ. گەرچە جۇڭگونىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى غەرب دۆلەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان بىر ئەمەلىيەت شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش ئەھۋالى بولۇۋاتىدۇ. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، يېڭى دەۋردىكى ئاياللار ئىچىدە، «بىر ئەر بىلەن ئاداقىچە ئۆتۈش» ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرىدىغانلار 3 پىرسەنتكە يەتمەيدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ قوشنىسى بولغان ياپونىيە، كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن. شۇڭا، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېچىۋېتىلىشى جۇڭگولۇقلارنىڭ نىكاھ ئىشىغا تېخىمۇ كۆپ تاللاش ۋە ئەركىنلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى، دېيىشكە بولىدۇ.



# جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەرقى

دۇ مياۋ

بىر ئامېرىكىلىق تورداشىم مەندىن، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقلىرى بار؟ دەپ سورىدى. شۇ چاغدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمىگەنىدىم، كېيىن ئەستايىدىل ئويلاپ باقسام، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا راستىنلا نۇرغۇن پەرقلەر بار ئىكەن، مېنىڭ ئويلاپ يېتەلىگىنىم تۆۋەندىكى 10 نۇقتا.

**1. ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش** ئامېرىكا ئوقۇغۇچىلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنلا تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ئۆگىنىدۇ، ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئۇنچە تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ.

(ئەسكەرتىش: ئامېرىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى «كىرىش ئاسان، چىقىش تەس»، جۇڭگونىڭ ئالىي مەكتەپلىرى «چىقىش ئاسان، كىرىش تەس».)

**2. ئوقۇتقۇچىدىن سوئال سوراش** دەرس ۋاقتىدا، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئوقۇتقۇچىدىن ئەتەي سوئال سورايدۇ، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار يەنە ئەركىن ئولتۇرغاندىلا ئوقۇتقۇچى بىلەن تېخىمۇ ياخشى پىكىر ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بولسا بىلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئوقۇتقۇچىدىن سوئال سورىمايدۇ. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار يەنە رۇس ئولتۇرۇش ئوقۇتقۇچىغا قىلىنغان ھۆرمەت دەپ بىلىدۇ.

**3. مەسىلە يېشىش ئۇسۇلى** ئەگەر ئوقۇتقۇچى ئوخشاش بىر سوئال چىقارسا: «ھازىر سائەت دەل 12 بولۇپ، سائەت ئىستىرېلكىسى بىلەن مىنۇت ئىستىرېلكىسى جۈپلەشكەن بولسا، يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن، سائەت ئىستىرېلكىسى بىلەن مىنۇت ئىستىرېلكىسى يەنە بىر قېتىم جۈپلىشىدۇ؟» ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشا ـ ئاخىرلاشمايلا، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار قوللىرىدىكى سائەتنى بۇراپ، بۇ خىل ئاقىلانە بولغان «كالۋالارچە ئۇسۇل»دا، سائەت ئىستىرېلكىسى بىلەن مىنۇت ئىستىرېلكىسى قانداق چاغدا جۈپلىشىدىغانلىقىنى كۆرمەكچى بولىدۇ.

لېكىن، نەق مەيداندىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ بىر توقاي فورمۇلىلار بىلەن ھېسابلاشقا چۈشۈپ كېتىدۇ.

**4. مائارىپ تەربىيىسى ئېلىش** شەكلى ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائا-

رىپ تەربىيىسى ئېلىش شەكلى خۇددى «پادا باققان» دەك ئەركىن ۋە ئازادە. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خام خىيال قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى ناھايىتى مول.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپ تەربىيىسى ئېلىش شەكلى «ئۆردەك بورداش» بولۇپ، تولىمۇ جاپالىق. ئۇلار دەرسلىكتىن چىقىرىلغان سوئاللاردىن قورقمايدۇ، ئۇلارنىڭ قورقىدىغىنى «كاللىنى ئايلاندۇرۇپ جاۋاب بېرىدىغان» سوئاللار. چۈنكى نۇرغۇن چاغلاردا ئۇلار ھەقىقەتەن كاللىسىنى ئايلاندۇرالمايدۇ.

**5. ماتېماتىكا كاللىسى** ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەزەلدىن ماتېماتىكا كاللىسى يوق، ئۇلار ھەر ۋاقىت ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچقا تايىنىۋالىدۇ.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ماتېماتىكا تالانت ئىگىلىرى، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا ۋە كۆڭلىدە ھېسابلاش سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى.

ئەگەر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارغا، بىز ھېسابلىغۇچ ئىشلەتمەيمۇ تۆت خانىلىق سانلارنى كۆپەيتەلەيمىز ھەم بۆلەلەيمىز، ھەتتا قول بىلەنلا كۋادرات يىلتىز چىقىرالايمىز، دېسە ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى يالغان ئېيتقان ياغاچ قونچاقنىڭ ئۇزىراپ قالغان بۇرنىنى كۆرۈپ قالغاندەك قاراپ كېتىدۇ.

**6. پارچە خىراجەت پۇلى** ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى: «ساڭا ئېيتساق، ساڭا بېرىدىغان بۇ ئايلىق پارچە خىراجەت پۇلى خام چوتتىن ئېشىپ كەتتى! ماڭ، ماشىنا ئىسكىلاتىنى سۈپۈر، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنى تازىلا ياكى بولمىسا گۈللۈكتىكى چىملارنى قىرقىپ چىق، شۇنداق قىلساڭ ساڭا يەنە ئازراق پارچە پۇل بېرىمىز» دەيدۇ.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى: «پارچە پۇللىرىڭنى خەجلەپ بولدۇڭمۇ؟ يېنىڭدا پۇل قالمىغان بولسا، كىتابخانىنىڭ تارتمىسىدىن ئۆزۈڭ ئېلىۋالغىن» دەيدۇ.

**7. ساياھەت** ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار ئاتا - ئانىسىغا: «مەن يېتەرلىك پۇل يىغىپ بولدۇم، ئەمدى ساياھەتكە چىقىمەن» دەيدۇ.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئاتا - ئانىسىغا: «ساياھەتكە چىقىمەن، ماڭا پۇل بېرىڭلار» دەيدۇ.

**8. قىز دوستى** ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار قىزلارنى ئۆيگە باشلاپ كېلىپ، پەخىرلەنگەن ھالدا ئاتا - ئانىسىغا: «بۇ مېنىڭ قىز دوستۇم» دەيدۇ.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار تىقىپ قويغان خاتىرە دەپتىرىنى تېپىۋېلىپ، تەرىنى تۇرۇپ تۇرغان ئاتا - ئانىسىغا قاراپ، يۈرىكى پوك - پوك ھالدا: «مەن مۇھەببەتلەشمىدىم...» دەيدۇ.

**9. يېڭى مۇسابىقە ئاپتوموبىلى** ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى ماختاشقا ئامراق: «قارا، بۇ يېڭى مۇسابىقە ئاپتوموبىلىنى ئۆزۈم قۇراشتۇرغان.»

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بولسا چوڭلارنى ماختاشقا ئامراق: «قارا، بۇ دادام ماڭا ئېلىپ بەرگەن يېڭى مۇسابىقە ئاپتوموبىلى».

**10. ئۆزى قارار چىقىرىش** ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارغا: «سۆيۈملۈكۈم، ھازىر چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالدىڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىغا ئۆزۈڭ قارار چىقىرىشىڭ كېرەك، ھە دېسىلا بىزگە تايىنىۋالما» دەيدۇ.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارغا ۋارقىراپ: «ھۇ، ئەدەپسىز، قانىتىڭ قاتقان ئوخشىمامدۇ، گېپىمىزنى قېتىڭغىمۇ ئالمايسىنا؟ ساڭا ئېيتىپ قوياي، ھەر قانچە چوڭ بولۇپ كەتسەڭمۇ، سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنىلا بالا. يەنىلا بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىشىڭ كېرەك!» دەيدۇ.

# چەت ئەللىكلەرنىڭ نىكاھ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دائىر قىزىقارلىق ئىشلار

● ۋاڭ لىيەنيى

## فرانسىيىلىكلەر توي قىلماي تۇرۇپ خوشلىشىدۇ

فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق، قىز - يىگىت ئىككى تەرەپ توي قىلىشتىن ئىلگىرى خوشلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

توي قىلىشتىن ئىلگىرى يىگىت تەرەپ خوشلىشىش مۇراسىمى، يەنى بويتاقلىق تۇرمۇشنى دەپنە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يەردىكى «دەپنە قىلىش» مۇنداقلا ئېيتىلغان گەپ ئەمەس، بەزى جايلاردا راستىنلا «مېيىت ئۇزىتىلىدۇ». فرانسىيىنىڭ لۇئالى رايونىدا بۇ خىل مۇراسىم تولىمۇ كومېدىيىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ، كىشىلەر مېيىت ساندۇقىغا ئوخشاش ساندۇق ياساپ، دوست - بۇرادەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، قايغۇلۇق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە دۇئا - تىلاۋەت مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. تىلاۋەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىگىت كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، قالغانلار «مېيىت ساندۇقى»نى كۆتۈرۈپ، گۈللۈككە دەپنە قىلىدۇ ياكى دېڭىز - دەريالارغا دەپنە قىلىدۇ.

قىزلارمۇ يىگىتلەرگە ئوخشاش توي قىلىشتىن ئىلگىرى خوشلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، بىراق بۇ «مېيىت ئۇزىتىش» بولماستىن، بەلكى خوشلىشىش مۇراسىمىدۇر. خوشلىشىش مۇراسىمىدا، قىزنىڭ دوستلىرى گۈل ۋە گۈل سېۋەتلىرىنى سوۋغا قىلىدۇ، قىز كۆپچىلىك بىلەن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ، ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلىشىدۇ.

ئۆزلىرىنىڭ بويتاقلىق تۇرمۇشى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، قىز - يىگىت چېركاۋغا كىرىپ نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

## ئامېرىكىلىق قىزلار يېڭىغا «تۆت خىل خەيرلىك نەرسە» ئېسىۋالىدۇ



ئامېرىكىلىقلارنىڭ نىكاھ مۇراسىمى كۈندىن - كۈنگە ئاددىيلاشماقتا ، ئادەتتە توي مۇراسىمىنى قىز تەرەپ ئۆتكۈزىدۇ . بۇنداق بولغاندا ، قىز تەرەپ قىز مېلى تەييارلىمايدۇ ، يىگىت تەرەپمۇ كۆپ چىقىم قىلمايدۇ ، ئۇلار پەقەت چېركاۋغا بېرىپ ، نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن بىر ۋاخ تاماقتا بىللە بولسىلا بولىدۇ . نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە ، قىز يۈزىگە تور ياپقاندىن سىرت ، يېنىغا يەنە تۆت خىل خەيرلىك نەرسە ئېسىۋالىدۇ . بۇ «تۆت نەرسە» يېڭى ، كونا ، ئارىيەت ئالغان ۋە كۆك رەڭلىك نەرسىنى كۆرسىتىدۇ . كونا نەرسە ئاپىسى ئىشلەتكەن نەرسە كۆرسىتىدۇ ، يېڭى نەرسە قانداق نەرسە بولسا بولۇۋېرىدۇ ، ئارىيەت ئالغان نەرسە يېقىن دوستلىرىدىن ئارىيەت ئالغان بۇلاپكا ياكى باشقا زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىدۇ ، كۆك نەرسە كۆك رەڭلىك پايپاق بېغىنى كۆرسىتىدۇ . پوپ قىز - يىگىتنىڭ ئەر - خوتۇن بولغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن يىگىت قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپ ، قولىغا ئۈزۈك سېلىپ قويىدۇ . ئارقىدىن قىز قولىدىكى گۈلنى ئارقىسىدىكى توي قىلمىغان قىزلارغا قارىتىپ تاشلايدۇ . ئۆرپ - ئادەت بويىچە قايسى قىز گۈلنى تۇتۇۋالسا ، توي قىلىش نۆۋىتى شۇ قىزغا كېلىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يىگىت قىزدىن كۆك رەڭلىك پايپاق بېغىنى ئېلىپ ، ئۇنى بويتاق دوستلىرىغا تاشلاپ بېرىدۇ .

## رۇمىنىيە يىگىتلىرى «تۆت ئۆتكەل»دىن ئۆتىدۇ

رۇمىنىيەدە چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمى ئادەتتە قىز تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ . چاي ئىچۈرۈلگەندىن تارتىپ كېلىن يۆتكىگۈچە ، يىگىت يېپىق ئىشىكتىن كىرىش ، ئېغىزچە ئىمتىھان ، قېيىنلىش ۋە يولدىن ئۆتۈش قاتارلىق تۆت ئۆتكەلدىن ئۆتىدۇ ، ھەربىر ئۆتكەلدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەندىلا توي قىلالايدۇ .

چاي ئىچۈرۈلگەندە ، قىز تەرەپنىڭ ئىشىكى مەھكەم ئېتىلگەن بولىدۇ ، يىگىت قەدىمىي خەلق ناخشىسىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئىشىك ئاستا - ئاستا ئېچىلىدۇ . بۇ ئېتىك ئىشىك ئۆتكىلىدۇر . ئاندىن بولغۇسى قېيناپا - قېيناتىلىرى ھەرخىل سوئاللارنى سوراپ ، يىگىتنى قەستەن قىينايدۇ . يىگىت ئېغىزچە ئىمتىھان ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، قىز تارتىنغان ھالدا چىقىپ يىگىت بىلەن كۆرۈشىدۇ ، يىگىت قىزنىڭ قولىغا ئۈزۈك سېلىپ قويىدۇ ، قىز يىگىتكە ئۆز قولى بىلەن توقۇغان شارپا سوۋغا قىلىدۇ .

نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى ، قىزنىڭ ئاپىسى سەھەردە قۇدۇقتىن «پاكىز سۇ» ئەكىرىپ ، سۇغا كالا سۈتى ، ھەسەل ۋە قىزىل گۈللەرنى سېلىپ قىزنى يۇيۇندۇرىدۇ . قىز يۇيۇنۇۋاتقاندا ، يىگىت قېيىنلىش ئۆتكىلىدىن ئۆتىدۇ . بىر توپ يىگىت خەلق قوشىقى ئېيتىپ ، بەس - بەس بىلەن يىگىتنى قىينايدۇ ، ساقىلىنى ئالىدىغانلار يۈزىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ساقىلىنىلا ئالىدۇ ، كىيىم كىيدۈرىدىغانلار كىيىمىنىڭ بىر يېڭىنى كىيدۈرىدۇ . . . كىمنىڭ قىيناش ئۇسۇلى كۆپ بولسا ، شۇ ئەڭ ئېپى بار يىگىت ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئۆتكەلدە يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى كېلىپ ، تەسەللى بەرمىسە ، يىگىت ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيدۇ .

كېلىن كۆچۈرگەندە ، قىز تەرەپ تۇرۇشلۇق يېزىنىڭ ھەممە يېرىگە توسۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، قەدەمدە بىر ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . يىگىت ھەر بىر ئۆتكەلدە پۇل بېرىپ ئۆتكەندىلا ئەڭ ئاخىرقى يولدىن ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ . كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن ، يېڭى ئەر - خوتۇن يە-

گىتتىنىڭ ئۈيىگە كىرىدۇ، كىشىلەر كەينى - كەينىدىن يېڭى ئەر - خوتۇنلارغا بۇغداي، تەڭگىلەرنى چاچقۇ قىلىدۇ، يىگىتتىنىڭ ئاپىسى ياشقا چوڭراق بىر خانىمنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭى ئەر - خوتۇنلارغا تويى شارپىي تۇتىدۇ، بۇ ئىشىكتىن ئۆتۈش مۇراسىمى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چاغدا، قىز بىلەن يىگىت ھەقىقىي ئەر - خوتۇن ھېسابلىنىدۇ.

## ئافغانىستانلىقلاردىكى «ئەينەك»

ئافغانىستان پايتەختى كابۇلدا قىز - يىگىتلەر توي قىلىشتىن ئىلگىرى يۈز كۆرۈشمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار نىكاھ ئوقۇلغان كۈنى كۆرۈشىدۇ، يەنە كېلىپ، بىۋاسىتە ئۇچراشمايدۇ. توي مۇراسىمى كۈنى، قىز - يىگىتنىڭ ئالدىغا ئەينەك قويۇلىدۇ، قىز تاقەتسىزلىك بىلەن ئولتۇرۇپ، ئەينەكنى كىشىلەرگە توغرىلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى ئىزدەيدۇ. بۇ چاغدا، يىگىت ئەينەكتىكى مەشۇقىغا قاراپ، «قۇرئان» ئوقۇيدۇ، ئاندىن كەمپۈتنى قىزغا سۇنىدۇ. قىز لەززەتلىك تۇرمۇشقا سىمۋول قىلىنغان كەمپۈتنى ئېھتىرام بىلەن قوش قوللاپ ئالغاندا، مېھمانلار مۇزىكىغا جور بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، قىز - يىگىتمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بۇ چاغدا، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرىدۇ.

## بۇشمېنلار «بىر تال يا ئوقى بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى تاللايدۇ»

ئافرىقىنىڭ كىراخالىيا دېگەن يېرىدىكى بۇشمېنلار ئوقيا ئېتىش ئارقىلىق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى تاللايدۇ.

ئەگەر بىر بۇشمېن يىگىتى بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قالسا، يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ، قىزنىڭ كاسىسىغا قارىتىپ ئوق ئۈزىدۇ. قىز ئۆزىگە تەگكەن ئوقنى ئېلىپ سۇندۇرۇۋەتسە، بۇ ئۇنىڭ يىگىتنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ؛ ئەگەر ئوقنى سۇندۇرۇۋەتمىسە، ئۇنىڭ قوشۇلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ - دە، يىگىت تويغا تەييارلىق قىلىدۇ.

ئوق كاسىسىغا تەگكەندىن كېيىن كۆتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز، چۈنكى بۇ خىل ئوقيانىڭ ياسى كىچىك سوڭگىكىدە، ئوقى بىر خىل ئۆسۈملۈك غولىدا ئالاھىدە ياسالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغان بولغاچقا، قىز ئاغرىقنى ھېس قىلمايدۇ.



ئەپچىللىك بىلەن ئېلىپ كېتىش

# ئاپامغا بىلدۈرۈشكە بولمايدىغان ئۈچ ئىش

ئاجىيەن

مەن سەھرالىق بالا ، ئاپام سىپپى ئۆزىدىن سەھرالىق ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن . بىراق مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن ئانىلارنىڭ بالىسىغا بولغان مۇھەببىتى ئۆزىنىڭ نادانلىقى ، ئىلمىي بولماسلىقى سەۋەبىدىن مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى ئانىلارنىڭكىدىن كەملەپ قالمايدىكەن ، ئۇلار مۇھەببىتىنى «ئالاھىدە» شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىكەن .

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان يىلىم ، بىر ھەپتە ئاخىرىدا ، ئاپام بىرىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ، مەن ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە كەلدى ، ئۇ ماڭا ئىككى قۇتا تۈزلىغان سەي بەردى ، ئاندىن يەنە چىرايلىق ئورالغان ئىككى كورۇپكا ئوزۇقلۇق تولۇقلىغۇچى ئىچىملىكنى ناھايىتى ھاياجان بىلەن ماڭا ئۇزاتتى . مەن ھەيران بولۇپ ئاپامدىن :

— ئۆيىمىزدە شۇنچە قىيىنچىلىق تۇرۇپ ، بۇنى نېمىشقا سېتىۋالدىڭ ؟ — دەپ سورىدىم .

ئاپام ئەستايىدىللىق بىلەن ماڭا چۈشەندۈردى :

— ئاڭلىسام ، بۇ نەرسە مېڭىگە پايدىلىق ئىكەن ، ئۇنى ئىچكەن ھەرقانداق ئادەم ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىگۈدەك .

— شۇنچە قىممەت نەرسىنى ئاپسەن ، يەنە باشقىلاردىن پۇل قەرز ئالدىڭمۇ ؟ — سورىدىم كورۇپكىنى سىلاپ تۇرۇپ .

— ياق ، — دېدى ئاپام كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىلەزۈكۈمگە تېگىشتىم .

ئاشۇ چىرايلىق كۈمۈش بىلەزۈك مومامدىن ئاپامغا قالغان ، ئاپامنىڭ بىردىنبىر قىممەتلىك نەرسىسى ئىدى ، ئۇنى ئەزەلدىن ساندۇقنىڭ تېگىدە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى .

ئاپام كەتكەندىن كېيىن ، كورۇپكىنى ئېچىپ ، دورىدىن بىر قۇتىنى ئاستا سۈمۈرۈپ ئىچتىم . شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆزۈمنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ قېلىشىمنى ئويلىمىغانىدىم . ئەسلىدە ئاپام ئەكەلگەن ئۇ دورا ساختا مەھسۇلات ئىكەن . مەكتەپكە كېلىپ ، قالغان ھەممىسىنى تاشلىۋەتتىم .

ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندا ، ئاپام ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى :

— ئاشۇ ئوزۇقلۇق تولۇقلىغۇچى دورـ



نى ئىچكىنىڭ بىكار كەتمەيتۇ ، بالام ، شۇ
چاغدا دادالڭ باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قىلى-
شىمىزدىن تولىمۇ ئەنسىرىگەنىدى .

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم .

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تومۇز كۈن-
لەرنىڭ بىرى ، ئۆيدىن كەلگەن خالتا تالوننى
تاپشۇرۇۋالدىم . دەرھال پوچتىخانىغا بېرىپ ،
خالتىنى ئالدىم . قاتمۇقات ئورالغان قەغەز يە-
شىكنى ئاچماي تۇرۇپ ، سېسىق پۇراق بۇر-
نۇمغا ئۇرۇلدى . پۇراققا چىداپ تۇرۇپ ، يە-
شىكنى ئاچسام ، ئىچىدە بەش تال پىششىق
تۇخۇم تۇرۇپتۇ . تومۇز ئىسسىقتا ئۇزۇن يول
بېسىپ كەلگەن بۇ تۇخۇملار سېسىپ كەتكەنى-
كەن . ئىچىمدە ئىختىيارسىز ئاغرىندىم : كال-
لىسىنى ئىشلەتمىگىنىنى قارىمامدىغان ، شۇن-
چە چوڭ شەھەردە قانداق تۇخۇم بولسىمۇ تې-
پىلاتتىغۇ ؟ شۇنچە ئىسسىقتا ، شۇنچە ئۇزۇن
يول بېسىپ كەلگەن بۇ تۇخۇم ئەلۋەتتە بۇزۇ-
لۇپ قالىدۇ ـ دە .

ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئاپامنىڭ قوشنىمىزغا
يازدۇرغان خېتى كەلدى . ئەسلىدە ، شۇ كۈن-
لەردە يېزىمىزدا ، ئاپىسى بەش تۇخۇم سېتى-
ۋېلىپ ، بالىلىرىغا پىشۇرۇپ بەرسە ، بالىلى-
رى بالا ـ قازادىن يىراق تۇرىدۇ ، دەيدىغان
گەپ تارقالغانىكەن . ئاپام يەنە خېتىدە ، ئاشۇ
بەش تۇخۇمنى چوقۇم يەۋېتىشىمنى قايتا ـ
قايتا تاپىلاپتۇ . . .

خەتنى ئوقۇۋېتىپ ، يۈرىكىمدە ئىللىق
سېزىم پەيدا بولدى ، خۇددى ئاپام ئالدىمدا
تۇرۇپ ، بەش تۇخۇمنى يەۋاتقىنىمغا قاراپ
تۇرغاندەك بىلىندى . يازلىق تەتىلدە ئۆيگە
قايتسام ، ئاپام :

ــــ بالام ، تۇخۇملار بۇزۇلۇپ قالمى ـ
غاندۇ ؟ ــــ دەپ سورىدى .

ــــ ياق ، ئاپا ، ھەممىنى بىراقلا يەۋەت ـ
تىم ، ــــ دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ . ئاپامنىڭ
چىرايىدا خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى .

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا ، ئاپامغا خەت
يېزىپ ، بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشى-
ۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم . ئاپام خۇشاللىقىدا
پوچتىدىن قىزىل شارپا ئەۋەتىپتۇ . مەن شار-
پىنى ئۇ قىزغا بەرسەم ، قىز ئۇنى ياراتماي :

ــــ نېمانداق مەتو ، ھازىر بۇنداق شارپى-
نى كىم ئارتىدۇ ؟ ــــ دېدى . دېمىسىمۇ ،
شەھەرلىك قىزلار بۇنداق شارپىنى ئارتمايت-
تى .

كېيىن ئۇ قىز بىلەن بولغان مۇناسىۋى-
تىم بارغانسېرى سۇسلىشىپ ، ئايرىلىپ كەت-
تۇق . شۇ كۈنى ئۇ قىزدىن شارپىنى سورىدىم .

ــــ ئۇ ئەسكى نەرسىڭىزنى ئاللىقاچان
تاشلىۋەتتىم ، قايتۇرۇپ بېرىڭ ، دەپ تۇرۇ-
ۋالسىڭىز ، باشقىنى ئېلىپ بېرەي ، ــ دېدى
ئۇ . مەن ئۇنىڭغا باشقىنى ئالغۇزمىدىم ، ئاپام-
نىڭ ئاشۇ بىگۇناھ شارپىسىغا ئىچىم ئاغرىدى .

كېيىن ھازىرقى خوتۇنۇم بىلەن مۇھەب-
بەتلەشتىم . مەن ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىمدا ئاپام
ئەۋەتكەن ھېلىقى شارپىغا ئوخشاش سارپا
سوۋغا قىلدىم ، ئۇنىڭغا بۇنى ئاپامنىڭ ئەۋەت-
كەنلىكىنى ئېيتسام ، ئۇ ئۇنى ناھايىتى قەدىر-
لەپ ساقلىدى .

كېيىن ئاپام تونۇش ـ بىلىشلىرىگە :

ــــ بىر تال قىزىل شارپا ئوغلۇمنىڭ
ياخشى خوتۇنغا باغلىنىشىغا ياردىمى بول-
دى . . . ــــ دەپ ماختىنىپ سۆزلەپ بېرىپ-
تۇ . ئاپامنىڭ خۇشاللانغىنىغا قاراپ ، كېلى-
نىنىڭ ئاشۇ شارپىغا «باغلانغان» ئەمەسلىكى-
نى . . . ئېيتقۇم كەلمىدى .

يىراق كېرەك يوق ، مەن ئاپامنىڭ مېنى
ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن ، مېنىڭ ئا-
پامغا بېرىدىغان ئەڭ زور تەسەللىرىم شۇكى ،
ئاپامنىڭ مۇشۇ مۇھەببىتى ھاياتىمدىكى ئەڭ
زور بەختىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ،
شۇڭا بۇ ئۈچ ئىشنى ئاپامغا مەڭگۈ ئېيتماس-
لىق نىيىتىگە كەلدىم .



# مۇھەببەتتىكى ئارىلىق

● گۈزى

باشلانغۇچتىن تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە سىرتتىكى قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىپتىمەن. مەكتەپ ئىچىدىكى قىزلارنى قوغلىشىپ باققان بولسامۇ، ئەمما ئارىلىشىپلا بولدى قىپتىمەن، سىنىپىمىدىكى قىزلارغا كەلسەم، كۆپ بولغاندىمۇ قىزىقىپلا قويۇپتىمەن، پارتىدىشىمغا كەلسەم — ئۇنىڭ چىراي شەكلىغۇ يامان ئەمەستى، بىراق ئىمتىھاندا قەغىزىنى چىڭگىدە توسۇۋالغاچقا، ئاتسىنتلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي ئورنۇمدىن تۇرۇپ كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتىم، شۇنداق ئىكەن «سۆيۈملۈك پارتىدىشىم»نى بۆرىگە تاشلاپ بېرىشكە ئىچىم ئاغرىمىدى.

كېيىن خىزمەتكە چىقىپ ئىشخانىمىدىكى قىزلار بىلەنمۇ ياخشى ئۆتتۇم. ھەتتا ئۇلارغا قالايمىقان چاقچاقلارنىمۇ قىلىپ تۇراتتىم، ئۇلارنى ئاچا - سىڭىللىرىمدەكلا كۆرەتتىم، شۇنداق ئىكەن ئۇلارغا بولغان سۆيگۈ ھېسسىياتىمنىڭ پەيدا بولۇشى ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۆزۈممۇ ھېسسىياتىمنى ئاسان ئاشكارىلىمايدىغان ئادەم، بولۇپمۇ قىز خىزمەتداشلىرىم ئالدىدا، خۇددى مومايىنىڭ پۇل چېكىنى تىقىپ ساقلىغىنىغا ئوخشاش، ھېسسىياتىمنى شۇنچە سىر تۇتالايمەن، ھەتتا بەزىدە ئىدارىدە ئۆزۈمنىڭ يىگىت ئىكەنلىكىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن.

ئىدارىدىن سىرتقا چىقسamla خېلى ئۆزگىرىپ قالىمەن، بولۇپمۇ باشقا شەھەرلەرگە بارسام كوچىدىكى قىزلاردىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيمەن، بەزى سورۇنلاردا ھەتتا شەھۋەتپەرەسلىكتىن باشقىنى بىلمەيمەن. بەلكىم مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئىككى يىل ئىشلىمەيلا خىزمىتىمدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن، پۇرسەت بولسىلا سىرتلارغا يۈگۈردۈم، قانچە يىراققا كەتسەم شۇنچە ياخشى، چۈشىنەلمەيدىغان شىۋىلەرنى ئاڭلاشقىمۇ شۇنچە ئامراقمەن، ئەمما كەچكىچە سىرتلاردا يۈرۈش، شىۋىلەرنى ئاڭلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ مۇھەببەت ئىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مېنىڭچە، مۇھەببەتلىشىشكە نىسبەتەن ھەر ئادەمنىڭ «ئارىلىق»قا بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. بىر ئىشخانىدا ئىشلەپ، بىرلىكتە ئۆيگە قايتىپ، بىرلىكتە ئاش - تاماق ئېتىپ يەپ ئۇخلايدىغان ئەر - خوتۇنلارمۇ يوق ئەمەس، ئەمما كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ، بەلكىم بۇ خىلدىكى كىشىلەر غەلىتە مىجەزلىكلەر ياكى بالىلىق چاغلىرىدا كاللىسىغا بىرەر نەرسە تەسىر قىلغانلار بولۇشى مۇمكىن. مەن دائىم بەزى ئەرلەر ياكى ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئاغرىنىپ، دائىم «ئىش ۋاقتىدىن تاشقىرى» ئىشلەيدۇ، ئۆيگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، دېگەنلىرىنى ئاڭلايمەن ھەم ئىچىمدە، ھەمراھىڭلار ئۆيگە قايتىشنىمۇ ئىشلەش دەپ بىلسە كېرەك، دەپ ئويلايمەن، دېمىسىمۇ، نۇرغۇن خىزمەت نەمۇنىچىلىرى مۇشۇنداق مەجبۇرلىنىشتىن پەيدا بولغانغۇ!

## ئەنگلىيىدىكى پىدائىيلار

● يۈ لىزى

ئەنگلىيىگە كېلىپ ئۇ-
زۇن بولمايلا بىر ياشانغان ئا-
يالغا ئۇچراپ قالدىم، ئۇ مې-
نىڭ ئەنگلىيىگە يېڭى كەل-
گەنلىكىمنى بىلىپ، قولۇمغا
بىر كىچىك كارتىنى تۇتقۇزۇپ:
— بىرەر قىيىنچىلىققا
يولۇقسىڭىز مۇشۇ نومۇرغا
تېلېفون بېرىڭ، ياردەمگە
ئېرىشىپ قېلىشىڭىز مۇم-
كىن، — دېدى.

ھەش - پەش دېگۈچە،
ئەنگلىيىدىكى تۇنجى قىشقا
دۇچ كەلدىم. ئۇ چاغدا ئۆ
زۈم يالغۇز تۇرۇۋاتقان بۇ يو-
غان بىر بۇرۇش ئۆيدىن كۆ-
چۈپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرات-
تىم. يېڭى يىل كېچىسى
ئۆيگە بەك كەچ قايتتىم.
ئۆيگە كىرسەم سوغۇقتا تۇر-
غىلى بولمايتتى. ئويلاپ باق-
سام، ئۆي ئىگىسى مېنى كۆ-
چۈپ چىقىپ كەتتى دەپ قې-
لىپ، پار - توك بىلەن تە-
مىنلىگۈچى ئورۇنغا تېلېفون
بېرىپ ئۆينىڭ پار - توكلى-
رىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. شۇ
تاپتا، ئۆي ئىگىسى چەت ئەل-
گە كېتىپ بولغانىدى. ئۆي
ئىچى بارغانچە مۇزلاپ كېتى-
ۋاتاتتى.

يېرىم كېچىدە، قاراڭ-
غۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئى-
شىكنى ئېچىپ، سىرتتىكى
ئاممىۋى تېلېفونخانىغا يۈ-
گۈردۈم. ئەسلى ساقچىغا تې-
لېفون بېرىپ ياردەم سورى-
ماقچىدىم، بىراق ئويلاپ باق-
سام ئۆي ئىگىسىگە ئىش تې-



رىپ بەرگۈدەكمەن، تېلېفون-
خانىدىن چىقىپ تۇرۇشۇمغا،
ھېلىقى ياشانغان ئايال بەر-
گەن كارتا ئېسىمگە كەلدى،
ئۇنى چىقىرىپلا ئۈستىدىكى
نومۇرغا تېلېفون ئۇردۇم.
قارشى تەرەپتىن ئايالنىڭ ئا-
ۋازى ئاڭلاندى. توڭلاپ تىت-
رەپ كەتكەنلىكىمدىن گەپ -
سۆزلىرىمنى قولاشماي قال-
دى، ھەتتا قارشى تەرەپنىڭ
قانداق ياردەم بېرىش ئورنى
ئىكەنلىكىنىمۇ سورۇشتۇر-
مەستىنلا، ئۆزۈمنىڭ توك -
پار بولمىغان ئۆيدە مۇزلاپ
كەتكەنلىكىمنى سۆزلەپ كې-
تىپتىمەن. قارشى تەرەپمۇ
جىددىيلىشىپ، تۇرۇشلۇق
ئورنۇمنى سورىدى، پۈتۈن
بەدىنىم تىترەپ، تېلېفون
تۇرۇپكىسىنىمۇ تۇتالماي قې-
لىۋاتاتتىم، ئادرېسىمنى
مىڭ نەستە ئېيتىپ بەردىم.

— ئۆيگە كىرىپ كې-
تىڭ! تېز كىرىپ كېتىڭ!
بىز ھازىرلا بارىمىز! —
دېدى ئۇ ئايال.

يۈگۈرگىنىمچە ئۆيگە
كىرىپ يوتقانغا پۈركەندىم،
بىر كەمدىن كېيىن تىترەش-
لىرىم بېسىقتى.

بىردەم ئۆتمەي، سىرتتا
ماشىنىنىڭ سىگنال بەرگىنى
ئاڭلاندى. دەرھال تۇرۇپ
ئىشىكنى ئاچتىم. ئالدىمدا
20 نەچچە ياشلاردىكى ئىككى
قىز تۇراتتى. ئۇلار قول چى-
رىغىنى يېقىپ ئۆي ئىچىگە
كىرىپ، نېمە ئىش يۈز بەر-
گىنىنى سورىدى. بىرى سۆ-
زۈمنى تىڭشاپ تۇرغۇچە، يەنە
بىرى ئەكەلگەن شاملىرىنى
ياندۇرۇپ مېھمانخانىدىكى تام
مەشىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بول-
دى. ئۇلار مۇزلاپ قېتىپ
قالغان قوللىرىمنى تۇتۇپلا
ۋارقىرىشىپ كەتتى ۋە مېنى
دەرھال تونۇشلىرىنىڭ ئۆيىگە
ئاپىرىپ قويماقچى بولۇشتى.
مەن تېخى ئۇلارنىڭ كىملى-
كىنىمۇ بىلىپ بولالمىغان
تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي
ئىچى يورۇپ، ئادەم كۆپەي-
گەچكىمۇ ئۆزۈممۇ خېلى
ئىسسىپ قېلىۋاتقاندەك
قىلاتتىم، شۇڭا يەنە باشقى-
لارنىمۇ ئاۋارە قىلماسلىقنى
ئېيتتىم. ئۇلار شۇ ھامان تام
مەش ئىچىدىكى توك پارنى
ئېلىۋېتىپ، بۇلۇڭدىكى قە-
غەز يەشىكنى يىرتىپ، تام
مەش ئىچىگە سېلىپ ئوت

ياقتى ، يەنە شامىلارنى كۆتۈ-
رۈپ يۈرۈپ كونا ياغاچ ئو-
رۇندۇقتىن ئىككىنى ۋە كونا
ساندۇقتىن بىرنى تېپىپ
كەلدى . بىز بىرلىكتە ئۇلار-
نى چۈۋۈپ ئوتقا تاشلىدۇق ،
ئۈچىمىز تام مەش ئالدىدا
ئىسسىنىپ ئولتۇردۇق .
بىردەمدىلا ئىللىپ قال-
دىم . ئوت نۇرىدا ئۇلارنىڭ
هاياجانلىق ئۇرغۇپ تۇرغان
چىرايىغا قاراپ ، ئۇلاردىن
تونۇشلۇق سورىدىم . ئۇلار
كۈلۈپ تۇرۇپ : «بىز پىدا-
ئىيلار» دېدى . بولىز ئىسمى-
لىكى گېرمانىيىلىك ، ماك
مىللان ئىسمىلىكى جەنۇبىي
ئافرىقىلىق ئىكەن . ئۇلار بۇ
يەردە بىللە تۇرىدىكەن ھەم
«ئاياللارغا ياردەم بېرىش
مەركىزى»نىڭ پائالىيىتىگە
بىرلىكتە قاتنىشىۋېتىپتۇ .
مەزكۇر ياردەم بېرىش مەر-
كىزى ئادەتتە ئاياللارنى قوغ-
داش جەھەتتە پەقەت تېلېفون-
دا مەسلىھەت بېرىدىكەن ،
ئۆيلەرگە كېلىپ مۇلازىمەت
قىلمايدىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستى-
گە پەقەت ئاياللارغىلا ياردەم
قىلىدىكەن . ئۇلار ھاياتى-
نىڭ خەۋپتە قالغىنىنى ئاڭ-
لاپ يېتىپ كەپتۇ . ئۇلارنى
قايتىپ كېتىپ ئارام ئېلىشقا
شۇنچە زورلىساممۇ ، تاڭ ئات-
قۇچە ماڭا ھەمراھ بولىدىغان-
لىقىنى ئېيتىپ ، كېتىشكە
ئۇنىمىدى . ئۇلار تام مەش
ئالدىدا ئولتۇرۇپ توختىماي
ناخشا ئېيتىشتى . بۇ مەن
ئاڭلىغان ئەڭ گۈزەل ناخشا
ئىدى . شۇ ئىشتىن كېيىن ،
«پىدائىيلار» دېگەن سۆز ۋە
ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان گۈ-
زەل ئوبراز قەلبىمگە مۆھۈر-
دەك ئورناپ كەتتى .

## يول باشلىغۇچى مايمۇنلار

هىندىستاندىكى نۇرغۇن
ساياھەت رايونلىرىدا يولدىن
ئادىشىپ قالسىڭىز ياكى بى-
رەر قىيىنچىلىققا يولۇقسى-
ڭىز ، جىلىتكە كىيگەن «يول
باشلىغۇچى مايمۇن»لار شۇ
هامان ئالدىڭىزدا پەيدا بولى-
دۇ .
ئەگەر ئىشارەت ئارقىلىق
مەقسىتىڭىزنى توغرا يەتكۈزەلى-
سىڭىزلا ، بۇ «يول باشلىغۇ-
چى» لارنىڭ مۇلازىمىتىدىن نا-
هايىتى رازى بولىسىز . ئاللاي-
لۇق ، قورسىقىڭىزنى كۆر-
سەتسىڭىز ، سىزنى دەرھال
تاماقخانىغا باشلاپ بارىدۇ ؛
ئۇخلاش ھالىتىنى ئىپادىلى-
سىڭىز ، سىزنى دەرھال مېھ-
مانسارايغا باشلاپ بارىدۇ . . .
ئومۇمەن ، ئۇلار سىزنىڭ
شەرەتلىرىڭىزگە ئاساسەن ،
سىزگە پۈتۈن كۈچى بىلەن
مۇلازىمەت قىلىدۇ . ئەمما ،
مۇلازىمەتتىن كېيىن ، قول-
لىرىنى سوزۇپ سىزدىن ئاز-
راق ھەق ئالىدۇ . ئاندىن ھې-
جىيىپ قويۇپ سىز بىلەن
خوشلىشىدۇ .
ئەسلىدە ، بۇ كۆندۈرۈل-
گەن «يول باشلىغۇچى»لار
هىندىستاندىكى «مايمۇنلار تېخ-
نىكومى»نى پۈتتۈرگەن ،
بىر يىللىق مەشىقتىن ئۆ-
تۈپ ، ئاندىن ئىشقا چۈشكەنى-
كەن . ئۇلارغا ئەدەپلىك بو-
لۇش ، كۆزىتىشكە ماھىر بو-
لۇش ، شوخلىشىپ قىلىق-
سىزلىق قىلىپ قويماسلىق
شەرتلىرى قويۇلىدىكەن .
ھەممە تەلەپكە ماس كەلسىلا ،
ئاندىن «لاياقەتلىك گۇۋاھنا-
مىسى» بېرىلىدىكەن . گۇ-
ۋاھنامىنىڭ ئۈستىگە مايمۇن-
نىڭ ئىسمى يېزىلغان ، سۈ-
رىتى چاپلانغان ، كەينىگە ئۇ-
لارنىڭ خىزمەت ئىستاژى ،
ئۆگىنىش نەتىجىسى ھەم
خىزمەتتىكى ئىپادىسى
قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەنى-
كەن .

# باي بولۇش ئۇسۇلى

جۇ لياڭچۈەن

1998 - يىلى يىراق يېزىدىن بۇ شەھەرگە كېلىپ تاكسى ھەيدىدىم، تۇنجى قېتىم ماشىنامغا چىققان مودا كىيىنگەن بىر خانىم ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، ئۇ مەلۇم بىر سودا سارايغا بارماقچىكەن، مەن ئۇنى سودا سارايىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدۇم، كىرا ھەققى 20 سوم چىقتى. ئۇ خانىمدا پارچە پۇل يوق ئىكەن. ئۇ يۈز سومنى ماڭا تەڭلىدى، مەندىمۇ پارچە پۇل يوق ئىدى.

— ماڭا ئىشەنسىڭىز، مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ماگىزىندىن پۇل پارچىلاپ چىقاي، — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، تېزرەك بولۇڭ، — دېدىم تۇرقىدىن دۇرۇس، سەمىمىي ئايال ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ.

— كۆپ بولسا بەش مىنۇتتا چىقىمەن، — دېدى ئۇ سارايغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىۋېتىپ.

توپتوغرا يىگىرمە مىنۇت ساقلىدىم، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. بىر چاغدا قاتناش ساقچىسى كېلىپ، بۇ يەردە ماشىنا توختىتىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىلاجىسىز بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، ئۇ خانىمنى ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىم.

سارايدىن ئانچە يىراققا بارمايلا، بىر بوۋاي ماشىنامنى توستى، ئۇ سىرتتىن كەلگەندەك قىلاتتى، ئۇمۇ ئاشۇ سودا سارايغا بارىدىكەن. ئۇ ماشىنىغا چىقىپلا ئاشۇ سودا سارايىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭغا ئالدى تەرەپتىن قايرىلىپ، بەش مىنۇت ماڭسىلا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتماقچىدىم، بىراق ھېلىقى خانىمنىڭ دامىغا



چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ئويلاپ، خەق مېنى ئالدىسا بولىدىكەن، مەن خەقنى ئالدىسام نېمىشقا بولمىغۇدەك، دەپ ئويلىدىم - دە:

— ئۇ يەر بەك يىراق، بوۋا، خاتىرجەم ئولتۇرىۋېرىڭ، مەن سىزنى ئاپىرىپ قويدىمەن، — دېدىم. مەن ماشىنىنى ھەيدەپ، نۇرغۇن كوچىلارنى ئايلىنىپ، سودا سارايىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، كىرا ھەققى 35 سوم بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، سىرتتىن كەلگەنلەر ماشىنامغا چىقسىلا ئالداپ پۇل ئوندۇرۇۋالىدىغان بولدۇم. بىر كۈنى بىر خېرىدارنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، ماشىنىنى قوزغىتىشىمغا، بىر ئايال ماڭا قاراپ توۋلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى، بايا مەن قاقتى - سوقتى قىلغان خېرىدار ئىزدەپ كەلگەن چېغى دەپ ئويلاپ، ماشىنامنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئارقامغا قارىسام، مېنى ئالداپ كەتكەن ھېلىقى خانىم ئىكەن. ئەسلىدە ئۇ سودا سارايدا پۇلنى پارچىلىتىپ بولۇپ، جىددىي بىر ئىش بىلەن ھايال بولۇپ قاپتۇ، سارايدىن چىقسا، مەن كېتىپ قالغانىكەنمەن. پۇرلىشىپ كەتكەن يىگىرمە سوم ۋە ئايالنىڭ سۇنۇپ كەتكەن پاشنىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

# بىچارە قېرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا زىيارەتكە كەلگەندە، مۇنداق بىر كەچۈرمىشنى سۆزلەپ بەردى.

بىر يىلى، مەكتەپ مۇدىرى ئىش ئورنىدىن ئۈچ ئايلىق رۇخسەت ئېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە: «قەيەرگە بارىدىغىنىمنى سورىماڭلار، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆيگە تېلېفون بېرىپ، سالامەت ئىكەنلىكىمنى يەتكۈزۈپ تۇرىمەن» دەپتۇ.

مەكتەپ مۇدىرى يېگانە بىرخىل تۇرمۇشتا ياشاپ بېقىش ئۈچۈن، ئۆزى يالغۇز ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر يېزىغا كەپتۇ. دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەپتۇ، تاماقخانىلاردا قاچا-قۇچا يۇيۇپتۇ. ئېتىزدا ئىشلىگەندە، خوجايىنىدىن يوشۇرۇنچە تاماكا چېكىۋېلىش ياكى ئىشداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋېلىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئۇ باشقىچە بىرخىل شادلىققا چۆمۈپتۇ.

ئەڭ قىزىق ئىش، ئاخىرقى قېتىم بىر تاماقخانىدا قاچا-قۇچا يۇيىدىغان خىزمەت تاپقاندا، تۆت سائەت ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، خوجايىن ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ ھېسابات قىلغاچ: «ھەي، بىچارە قېرى، سۈرئىتىڭ بەك ئاستا ئىكەن، ئىشتىن بوشىتىلدىڭ» دەپتۇ.

«بىچارە قېرى» خارۋاردقا — ئۆزىگە تونۇشلۇق خىزمەت مۇھىتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆزىگە تولىمۇ تونۇشلۇق نەرسىلەر ئەمدىلىكتە يېڭى شەيئىلەردەك بىلىنىپتۇ، خىزمىتى بىرخىل يېڭىچە ھوزۇرغا ئايلىنىپتۇ.

بۇ ئۈچ ئايلىق سەرگۈزەشتە خۇددى كەپسىز بالا پەيدا قىلغان تراگېدىيىدەك يېڭى ۋە قىزىقارلىق بىلىنىپتۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئىپتىدائىي ھالەتكە قايتقاندىن كېيىن، تۇرمۇش خۇددى بالىلارنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيادەك، ھەممە ئىش شۇنچە قىزىقارلىق بىلىنىپتۇ. ئۆزۈن يىللاردىن بېرى قەلبىگە توپلىنىپ قالغان «ئەخلەت» لەرمۇ ئاستا-ئاستا تازىلىنىپ كېتىپتۇ.

---

شۇ مىنۇتلاردا ئۆزۈم قاقتى-سوقتى قىلغان خېرىدارلارنى ئويلاپ ئىنتايىن بىئارام بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئەللىك خېرىدارنى ھەقسىز توشۇپ، گۇناھىمنى يۇيماقچى بولدۇم. مەن نۇرغۇن خېرىدارلارنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشتىم، بەزىلىرى مېنى ماختاپ شىركەتكە خەت يېزىپتۇ، يەنە ماشىنامنىڭ نومۇرىنىمۇ يېزىپ قويۇپتۇ. ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ياخشى ئىشىم بىلەن نۇرغۇن خېرىدارنى ئۆزۈمگە قارىتىشىمنى ئويلاپ باقماپتىمەن، بۇنىڭغا قەدەر خېرىدارلار ماشىنامغا بەس-بەستە چىقىدىغان بولدى، كىرىمىم باشقىلارنى قاقتى-سوقتى قىلغان چاغدىكىدىن ھەسسىلەپ ئاشتى. مەن ئۆزۈم «قولغا كەلتۈرگەن» بۇ شەرەپنى قەدىرلىشىم كېرەك، مېنىڭچە بۇ باي بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

# ئىرادىلىك ئادەم هامان باش كۆتۈرىدۇ

ئامېرىكىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئادەتتىكى ياتىقىدا ، فرانك ۋە پاۋل ئىسىملىك ئىككى ئوقۇغۇچى تۇراتتى .

نامرات پاۋل ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدىن باشلاپلا ساۋاقداشلىرىدىن پۇل قەرز ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى .

مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ، قەرزى 1200 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن پاۋل ھېچكىم بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئۈن - تىنسىز غايىب بولدى .

ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان قەرز ئىگىلىرى فرانك بىلەن كۆرۈشۈپ ، پاۋلغا گەپ يەتكۈزۈپ قويۇشنى ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى .

فرانك غەزەپلەنگەن ساۋاقداشلىرىغا نەسىھەت قىلىپ ، ئۆزىنىڭ پاۋلنى چۈشىنىدىغانلىقى ، گەرچە پاۋل نامرات بولسىمۇ ، ئەمما ئەزەلدىن زارلىنىپ باقمىغانلىقى ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئىرادىلىك ئىكەنلىكى ، يەنە كېلىپ ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ هامان باش كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ ساۋاقداشلىرىدىن يەنە بىر مەزگىل سەۋر قىلىشنى تەلەپ قىلدى .

فرانكنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قايىل قىلىش كۈچى ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتى ئەرز قىلىش شامىلىنى ۋاقىتىنچە پەسەيتتى . ھەش - پەش دېگۈچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى .

ئون يىلدىن كېيىن ، فرانك رىياسەتچىلىك قىلغان بىر قېتىملىق ساۋاقداشلار يىغىلىشىدا ، ئاۋاق بىر ئادەم يىغىلىش يېرىمىدا كىرىپ كەلدى . كۆپچىلىك سەپسالىپ قاراپ ئۇنىڭ پاۋل ئىكەنلىكىنى بىلدى .

پاۋل ئىچ يانچۇقىدىن پۈرلىشىپ كىر بولۇپ كەتكەن بىر قەغەزنى چىقىرىپ ، ساۋاقداشلىرىغا :

— مەن بۈگۈن قەرز قايتۇرغىلى كەلدىم . قەرز ئالغان ھەربىر سېنت پۇلنى مۇشۇ قەغەزگە تەپسىلىي خاتىرىلەپ قويغانىدىم . . . — دېدى .

شۇ چاغدىلا كۆپچىلىك ، ئۆز ۋاقتىدا پاۋلنىڭ مەكتەپتىن چىقىپ ئۆيىگە قايتمىغانلىقى ، خىزمەت ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن يىراق ئوكيان مال پاراخوتىدا قارا ئىشچى بولغانلىقى ، پاراخوت بىلەن يەر شارىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئايلىنىپ چىققانلىقى ، ئەڭ ئاخىرىدا شۋېيتسارىيىگە بېرىپ بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقى ھەم ئازغىنە مائاشىنى يىغىپ ئۆز ۋاقتىدىكى قەرزىنى قايتۇرغۇدەك پۇل توپلىغانلىقىنى بىلدى .

كۆپچىلىك پاۋلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سۈكۈتكە چۆمدى . فرانك ئالدىغا چىقىپ پاۋلنى مەھكەم قۇچاقلىغاندىلا ، كۆپچىلىك ئاندىن ئېسىگە كەلدى .

كېيىن فرانك بىر ئەسلىمىسىدە بۇ ئىشنى تىلغا ئالدى . فرانك — ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا قويۇۋالغان ئەركىلەتمە ئىسىم ئىدى . ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى فرانكلىن روزۋېلت ، ئامېرىكىنىڭ 32 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى — پارالىچ بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇرغان ، «ئىرادىلىك ئادەم هامان باش كۆتۈرىدۇ» دېگەن ھەمدە بۇ سۆزنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلىغان ئادەم ئىدى .












### «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى — چىڭگىزخان»

گرۇسسې فرانسىيىلىك داڭلىق تارىخشۇناس، ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پېشۋاسى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا «ئاسىيا قىتئەسى تارىخى»، «ئەھلى سەلىپنىڭ ئۇرۇش تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى» ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىلمىيلىكى يۇقىرى بولغان كىتاب. گرۇسسې مەزكۇر كىتابتا ئاتىللا، چىڭگىزخان، تېمورلەڭدىن ئىبارەت ئۈچ مەشھۇر شەخسنى باش تېما قىلغان ھالدا ئەينى چاغدىكى تارىخنى سىستېمىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇنى پۈتكۈل ياۋروپا - ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا، زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

### «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى»

ئوگ ماندىنو بۈگۈنكى دۇنيادا يول كۆرسىتىش مەزمۇن قىلىنغان ئەسەرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى. «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى» ناملىق كىتاب ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى. بۇ كىتاب كۆرۈپ چىقىش زۆرۈر بولغان، يادىن ئايرىماي ئېلىپ يۈرىدىغان نادىر ئەسەر، ئۇ گويا ياخشى ئۇستاز، سادىق دوستتەك سىزگە ئەخلاقىي، روھىي، ھەرىكەت مىزانى جەھەتتە يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىزنىڭ مەغلۇپ بولماي پۇت تىرەپ تۇرۇشىڭىزدا كۈچ مەنبەسى بولالايدۇ.

ئوگ ماندىنو 14 پارچە كىتاب يازغان، سېتىلىش مىقدارى 25 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. ھەرقايسى ساھەلەردىكى سانسىزلىغان كىشىلەر، ئوگ ماندىنو تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتتى، بىز ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن سىرلىق كۈچكە ئېرىشتۇق، دەپ تەرىپلەشكەن.

### «باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى خالامسىز»

بۇ كىتاب ئامېرىكىلىق داڭلىق پسىخولوگىيە ئالىمى جامىس. ك. ۋان فلېت يازغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەردە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.

بۇ كىتاب سىزگە قانداق قىلغاندا رەھبەر بولغىلى، قانداق قىلغاندا ھوقۇققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىزگە تۇرمۇشتىكى مەلۇم ھەل قىلغۇچ شەخسلەرگە قانداق تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى قانداق تىزگىنلەشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا داغدام يول ئېچىپ بېرىدۇ.



« نېك » ماركىلىق ئاپاغنى كىيگەندە ...


**تەرمىلەر**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
باسقۇچى: شىنجاڭ مورتوم(MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2827109

**读者**（月刊）
（维吾尔文版）
新疆人民出版社编辑出版
印刷：新疆漠尔通(**MORTOM**)印刷有限责任公司
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

**国际标准刊号**：ISSN1671-1327
**国内统一刊号**：CN65-1144/GO
**本刊代号**：58—135 **定价**：3.00 元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1671-1327
بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1144/GO
ۋەكالەت نومۇرى: 58 — 135 باھاسى: 3.00 يۈەن



تەبىئەت ۋە ھاياتلىق